# قەشقەر (1)

مۇندەرىجە

1. « قەشقەر تارىخى » نىڭ باش –ئاخىرى..................................2 ـ بەت

2. قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل دەرۋازىلىرى ( قەمەرجان قابىل )..................12 ـ بەت

3. قەشقەر تەسىراتلىرى ( ئا. بەرقى )..................................16 ـ بەت

4. قەشقەر شەھىرىدىكى تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يوقالغان مەسچىت ـ مەدرىسىلەر.. 19 ـ بەت

5. قەشقەردىكى كوچىلار ( قەمەرجان قابىل، خۇدابەردى ئابدۇللا )..................23 ـ بەت

6. چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر ( ئابابەكرى ئابدۇرەشىد )..................31 ـ بەت

7. قەشقەر ( داستان )..................................47 ـ بەت

8. قەشقەر ناۋالىرى ( ئوسمان قاۋۇل )..................................77 ـ بەت

9. كاشغەر يىلى ( تەكلىماكانى )..................................90 ـ بەت



# «قەشقەر تارىخى» نىڭ باش ـ ئاخىرى

مۇقەددىمە

قەشقەر يېپەك يولىدىكى قەدىمي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان يىراق يېقىندىكى ئەللەر ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر تۇپراقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ۋە بۇ زېمىننىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىغا مەستانە بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن مۇشۇ يۇرتقا بېغىشلانغان نۇرغۇن قىسسە، داستان، شېئىر – قوشاق ۋە تارىخي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن .ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىلىم سۆيەر، ۋىجدانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ساقلىنىپ ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلىپ، بۇ ئەزىزانە يۇرتنىڭ ئۆتمىشىدىن دېرەك بېرىپ كەلدى.
قەشقەر بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كاشغەر – ئۇردۇكەند دېيىلىدۇ ، بۇ خانلىقلار تۇرىدىغان شەھەر دېگەن مەنىدە»[1] دېگەن بايانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن تارتىپ، ھەرقايسى دەۋر قەلەمكەشلىرىنىڭ خاتىرلىرىدە «قەشقەر شەھىرى»، «قەشقەر رايونى »، ھەتتا پۈتكۈل تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمي نامىنى كۆرسەتكەن.
ـ 2007يىلى 3 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئومۇمي تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتى مەزكۇر چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە تەرجىمە قىلىنىپ، مۇناسىپ شەرھ يېزىلىدىغان، شۇ ئاساستا ئاساسىي مەۋقەنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىق خىزمىتىنى ئارتتۇرىدىغان تارماق تەتقىقات تېمىلىرى قاتارىدا مەن يوللىغان «قەشقەر تارىخىنىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھى» دېگەن تېمىنى تەستىقلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن» قەشقەر تارىخى» دېگەن نامدا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، ئوسمانلىي تۈركچىسىدە يېزىلغان ھەم بۇنىڭدىن بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە قولىيازمىلارنى ئۇزۇم بۇرۇن تاپقان قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇش، كەملىرىنى ئىزدەش ئىشىنى باشلىۋەتتىم. ئەمما بۇ خىزمەت رەسمي باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىن نەچچە ھەسسە قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر «قەشقەر تارىخى» نى قولۇمدىكى قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرى ئاساسىدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىغا شەرھى يازغان بولسامۇ، بۇ مەزكۇر تېما ئۈچۈن تۈزۈلگەن توختامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. ئەمما مەزكۇر تېمىدىكى ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردا بەلگىلىك دەرىجىدە ئوخشىماسلىقلار بولغاندىن سىرت، بەزى ئەسەرلەر نامىنىڭمۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن غەرەزلىك ياكى بىپەرۋالىق تۈپەيلىدىن خاتا قوللىنىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭ

بىلەن بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى مېنى بۇ تېمىنى تېخىمۇ پۇختا ئىشلەشكە دەۋەت قىلدى.

## 1. «قەشقەر تارىخى» نىڭ قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرى

هازىرغا قەدەر «قەشقەر تارىخى» نامىدا بەش پارچە تارىخى ئەسەر پۈتۈلگەن بولۇپ ، تۇنجىسى 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناس، شەيخ، ئىستىپداتلىق ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا هۈسەيىن پەزلىينىڭ ئوغلى كامىل ئىمام ئەبۇل پۇتۇخ ئابدۇلغاپپار كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسىرى بولۇپ ، هېسابلىنىدۇ .مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ قاراخانىلار خانلىقى ۋە موڭغۇللارغا دائىر بىر قىسىم مەزمۇنلىرى 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىمالىقلىق مەشهۇر ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشىينىڭ قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان «سۇراه لۇغىتىگە تولۇقلىما » دېگەن ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان [2] .مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەكەندە يېزىلغان [3] دەپ پەرەز قىلىنغان «تارىخى كاشغەر» (بۇ ئەسەر 1986- يىلى هاجى نۇر هاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىڭگىزنامە» دېگەن نام بىلەن نەشردىن چىققان. بۇ هەقتە كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئايرىم توختىلىمىز).

«تارىخى كاشغەر» نى رۇسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد 1902- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تاشكەنتتىن تاپقان هەمدە ئۇنىڭ ئايرىم جايلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، »تۈركىستان كاماندىروپكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەهۋالىدىن دوكلات» قا كىرگۈزۈپ، تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساهەسىگە تونۇتقان. ئاكادېمىك بارتولد بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باشقا بەش كىتاب ۋە تەزكىرىلەردە خاتىرلەنگەن 16- ، 17- ئەسىرلەردىكى شىنجاڭغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان هەمدە مەزكۇر ئەسەردىكى ئەينى ۋاقىت ئالاهىدە شارائىتىدا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەزمۇنلارغا شەرھ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىلىم ساهەسىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك ئېتىبارىنى قوزغىغان. بارتولدنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ خارتمان ئۆز كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنىڭ گېرمانچە تەرجىمىسىنى قوشقان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى بىر مەهەل داغا-دۇغا پەيدا قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەب ، مەزكۇر ئەسەر تۇنجى بولۇپ هىجرىيە 920 (مىلادىيە 1514) – يىلىدىن هىجرىيە 1107(مىلادىيە 1696) – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چاغاتايلارنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا خانلىق قۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ ماتېرىياللار بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ۋە ۋاقىت جەهەتتىن دەۋرىيلىك بولۇشتەك ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدۇر. دەل مۇشۇ خىل سەۋەبلەرگە كۆرە، بارتولد بۇ ئەسەرگە «تارىخى كاشغەر «دەپ نام بەرگەن هەمدە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى هەققىدە مۇنداق يازغان: «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بىز هازىر قەشقەر خانلىقى ۋە خانلىقنىڭ ئاخىر زاۋالىغا يۈز تۇتقانلىقىغا ئائىت ناهايىتى تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق» [4].

مەزكۇر ئەسەرگە بېغىشلانغان تەتقىقات نەتىجىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەخمەت زەكى ۋەلى توغان، ل.ئى.دۇمان، ك.ئا.ئۇسمانوف، ئا.م. مۇگىنوف، ك.س.ئىبراهىموف، ك.ئى. پېتروف، ئى.يا.زىلاتكىن، ۋ.پ.يودىن، ل.ئا.پوكروۋىسكايا قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

«تارىخى كاشغەر» نىڭ خېلى كۆپ كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن . رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېتىربورگ شۆبىسىدە ئۇنىڭ C576 , C577, C2472دەپ نومۇر قويۇلغان ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىر قىسىم

مەزمۇنلىرى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «15—17 ـ ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » غا كىرگۈزۈلگەن [5].

ـ 2001يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكىت ـ پېتىربورگ شۆبىسى مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئاكىمۇشكىن كىرىش سۆز يېزىپ، ئىندېكسىنى ئىشلىگەن ئەسلى قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى «سانكىت ـ پېتىربورگ ئىلىم مەجمۇئەسى» نىڭ 8 ـ قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى پېتروسيان، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئاكىمۇشكىن بىلەن ئالىموۋ ئۈستىگە ئالغان. گورىكىلياد، كىچانوف، مىنشىكوف، تېمكىن ۋە خالىدوفلار مەسئۇل مۇھەررىر ۋە مۇھەررىر بولغان.

«تارىخى كاشغەر» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى قىسمى (ئەسلى قولىيازما 1 ـ بەتتىن ـ 58 بەتكىچە) دا ئىنتايىن ئاددىي تىل ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق نوھ، توپان بالاسى، نوھنىڭ ئوغۇللىرى، يافەس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تاكى موغۇل، تاتار خانلىرىغىچە؛ قاراخانىنىڭ نەسەبى، موغۇل خانلىرىنىڭ ئوغۇزخانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنىڭ بايانى؛ موغۇل خانىنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشى ؛ ئاتىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر، قاڭقىل، قارلۇق، خالاج – قىپچاق قاتارلىق بەش تۈركۈم قوۋم؛ ئوغۇزخاندىن ئالانقوۋا) چىڭگىزخانىنىڭ ئەجدادى) غىچە بولغان ۋەقەلەر؛ چىڭگىزخانىنىڭ نەسەبنامىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئىراندىكى ئىلخانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇبارەكخان، تۇۋاخان، ئېسەن بۇغاخان، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن تارتىپ 1514 ـ يىلى قەشقەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ يەكەن خانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمىدا سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ سۇلتان مۆمىنخانغىچە بولغان ۋەقەلەر، يەنى 1514 ـ يىلدىن 1695 ـ يىلغىچە بولغان يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن تارىخى ھادىسىلەر يىلنامە تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇئەللىپ باشقا تارىخشۇناسلارغا ئوخشىمىغان رەۋىشتە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلار جەمەتلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىغا بولغان تەسىرى، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىنى لايىقىدا بايان قىلىش بىلەن بىللە ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىنمۇ مەلۇماتلار بەرگەن.

مۇئەللىپ يەنە ئۆز ئەسىرىنى جانلىق تارىخي پاكىتلار ۋە گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن بېيىتىش مەقسىتىدە رەشىدىددىنىنىڭ» جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، مىر خاۋەندىنىڭ «رەۋزەتۇس ـ سەفا»، جۇۋەينىينىڭ «تارىخي جاھان گۇشاي»، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدي»، شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ» زەفەرنامە»، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» (بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلاردىن كۆپلەپ پايدىلانغان ۋە ئۆزۈندىلەرنى ئالغان. ئەسەرنىڭ 99 ـ بېتىدىن 105 ـ بېتىگىچە بولغان قىسمى ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىجادىيىتى بولۇپ ، ناھايىتى يۇقىرى تارىخي قىممەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، رۇسىيىلىك گېنېرال كورپاتكىن 1879 ـ يىلى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «قەشقەرىيە»: 1876 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كورپاتكىن (تولۇق ئىسمى :ئالىكسي نىكولايېۋىچ كورپاتكىن، 1848 ـ 1925) چار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر خىل ئاخ بلراتلارنى يىغقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زېمىنلارنى قوقەندلىك ياقۇپ بەگ ئىگىلەپ تۇرغان بولۇپ ، كورپاتكىن چاررۇسىيە نامىدىن ياقۇپ بەگكە زېمىن تەلىپى قويغان. ئۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، تۈركىستان گوبىرناتورى كوفمانغا قەشقەرىيىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھەربىي كۈچى، سانائەت ۋە سودىسىغا دائىر بىر پارچە دوكلات يېزىپ تاپشۇرغان. مەزكۇر كىتاب شۇ دوكلاتنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە تۈزۈتىلگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشر قىلىنغان. 1982 ـ يىلى مەزكۇر

ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىنگلىزچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان) سودا نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان. بۇ ئەسەر جامائەتچىلىككە خېلى تونۇش بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپ توختالماسلىقنى لايىق تاپتىم.

تۆتىنچى، تۈركىيىلىك مۇھەممەد ئاتىف ھىجرىيە 1300 ـ يىلى (مىلادىيە 1882) يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان «قەشقەر تارىخى». مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرئاز كەڭ بولۇپ ، مۇقەددىمە، قەشقەر قىتئەسى (بۇ ئاپتورنىڭ ئەسلى سۆزى بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان) نىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى، ئاھالىسى، ھىجرەتتىن ئاۋۋالقى تارىخى، قاراخانىيلار، چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ئەمىر تىمور ۋە تۇغلۇق تىمۇرگە دائىر مەلۇماتلار، يەكەن خانلىقى، جۇڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ياقۇپ بەگنىڭ ئىستېلاسى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى قاتارلىق بىر قاتار تارىخى ۋەقەلەردىن سىرت، مەزكۇر يۇرتنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقا ئائىت مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ مۇئەللىپ ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىگە دائىر مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا مەسىلىلەرگە خالىس مەيداندا تۇرۇپ باھا بېرىشكە تىرىشقان. شۇڭا ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، تۈركىيە، رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى قاتارلىق مەزمۇنلار مەزكۇر ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ ئەسىرىدە ئۆز مۇددىئاسىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە كىرىش سۆز قىسمىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «جانابىي ئاللاھ دەرگاھىغا چەكسىز ھەمدۇسانا، تەشەككۇر، مەدھىيە يەتكۈزۈپ ۋە ئۇلۇغ، شانلىق پەيغەمبىرىمىزگە رەھمەت، سالام يوللىغاندىن كېيىن، جانابىي ئاللاھنىڭ كۈچلۈك، توغرا رەھمىتىگە تايىنىپ، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ خاتالىقىمنى كۆچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، قەشقەرنىڭ تارىخى ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى ھەققىغا بېغىشلانغان بۇ كىتابنى يېزىشقا ۋە نەشىر قىلىپ تارقىتىشقا جۈرئەت قىلدىم .بۇ ئاۋۋالقى قىسىمنىڭ باشقا كىتابلاردەك بىر قىسىم خاتالىقلىرىدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، باشقا قىسىمىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقى ۋە مەمنۇنىيىتىنى قوزغايدىغان ھالدا بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەن . مەملىكىتىمىزدە ياۋروپا ئەخلاق ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يەرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا تەجرىبە قىلىنىپ، ھازىرغا قەدەر بۇزۇق ئەخلاق تارقىتىشتىن باشقا ھېچ بىر رولى بولمىغان كىتابلارغا قارشى ھالدا دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە مىللىتىمىزگە تەئەللۇق بولغان مۇنداق تارىخ كىتابلىرى ئاز بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى غەيرەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر تەرىپىدىن تەشەككۇر نەزىرى بىلەن كۆرۈلگىسىدۇر .كۆپلىگەن تارىخ كىتابلىرىدىكىگە ئوخشاش، ۋەقەلەرنى تەكشى بىر سۈرئەتتە يېزىشتەك ۋەقە تەسۋىرچىلىكى قىلىشنى ۋىجدانىم قەتئىي قوبۇل قىلمىغاچقا، بىر ۋەقەنىڭ سەۋەب ۋە قارشى تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ، ئۇ ۋەقەلەر ھەققىدە زۆرۈر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزدۈم. قەشقەرگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇناسىۋەتى بولغان باشقا مەلۇماتلارنى كىتابقا كىرگۈزۈش بىلەن بىللە ۋەقەلىكلەرنى ئىمكان قەدەر توغرا يازدىم. بەزى تارىخى ۋەقەلىكلەرنى رىغبەت نەزەرى بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ھەم ماختانچاقلىق، مەنمەنلىك، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە تەرەپبازلىقتى قەتئىي ساقلىنىپ، بىتەرەپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، راستىنى سۆزلەشتىن قىلچىمۇ يۈز ئۆرۈمىدىم.

بۇ كىتاب ئاساسەن ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرىنچى قىسمى قەشقەر قىتئەسىنىڭ توپان بالاسىدىن تاكى زامانىمىزغا قەدەر بولغان تارىخى ۋەقەلىرىنى؛ ئىككىنچى قىسمى قەشقەر مەملىكىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن ئاھالىسىنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەت، ئەخلاق ۋە باشقا ئاجايىپ مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى بولسا قەشقەردە تونۇلغان بىر تۈركۈم زاتلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابتا ۋەقەلەر بىر بىرىگە تۇتاش ۋە چىگىش يېزىلماستىن، بىر قانچە بابقا ئايرىلدى.... قەشقەردە ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكى، خۇسۇسەن ياقۇپخان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يېقىنقى زاماندا سۇلتان ئابدۇل ئەزىزخاننىڭ قەشقەرگە قۇرال ۋە ھەربىي مۇئەللىملەرنى ئەۋەرتىشتەك ياردەملىرى ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ دىققەت

نەزىرىنى ئىسلام خەلىپىسى مەركىزىگە بۇرىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە يېتىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولاي دېگەن بولىسىمۇ، ھازىرغا قەدەر قەلەم ئىگىلىرىدىن ھېچ بىر كىشىنىڭ مۇكەممەل بىر ئەسەر يېزىشقا كىرىشمىگەنلىكىگە ئېچىنىپ، قەشقەر تارىخىنى يېزىشتەك بۇ مۇشكۇل خىزمەتنى كەمىنە ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. قەشقەر تەرەپلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنلىرىنىڭ بەزىلىرى يېزىلدى. خەلق ئاغزىدا كۆچۈپ يۈرگەن ياكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە مەلۇم غەرەز بىلەن بۇرمىلىۋېتىلگەچكە، ئىشىنىشكە لايىق ئەمەستۇر. بۇنداق كۆچۈپ يۈرىۋاتقان رىۋايەتلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن تەرەپلىرى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ ، مەتبۇئاتلىرىدىن ئورۇن ئالغانلىرىمۇ 150 ـ 200 قۇر، يەنى 12 ـ 10 بەتتىن ئىبارەتتۇر. مەن بۇ خىل رىۋايەتلەرنى كىتاۋىمغا يېزىشتا پەقەت تولۇق ھەقىقەت بولغانلىرىنى كىتابخانلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەلىل ـ پاكىت يۈزىسىدىن يازدىم [6.]

مۇھەممەد ئاتىف ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرال ـ ياراق باشقارمىسىنىڭ ھېسابات مەسئۇلى ۋە پۈتۈكچىلىرىدىن بولۇپ ، ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا دائىر ۋەقەلەرنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتكەن ھەربىي كوماندىرى كازىم ئەپەندىنىڭ بىۋاستە بايانىغا ئاساسەن يازغان. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق بايان قىلغان: «ئالوي كاماندىرى كازىم ئەپەندى دۆلتى ئالىيە تەرىپىدىن ياقۇپخان قېشىغا قەشقەرگە ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردە ھىجرىيە 1291 ـ يىلىدىن (مىلادىيە 1874) ھىجرىيە 1294 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1877 ) تۇرغان ئۈچ يېرىم يىل ئىچىدە كۆرگەنلىرىنى كېيىنكى چاغدا ئالىي ئوردىغا كەلگەندە ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بۇ ياردىمىگە كۆپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈمەن.«

مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركىيە تۈركچىسىدىكى نۇسخىسى 1998 ـ يىلى تۈركىيە ئالىملىرىدىن دوكتور ، پروفېسسور ئىسمايىل ئاكا، رەھ ىي گۈنەي ۋە جاھىت تىلچى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان.

بەشىنچى، ئىمىر ھۈسەيىن قازى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان «تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر». مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى تېپىشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت ۋە ئانتروپولوگىيە ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «شىنجاڭ تارىخى – مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى «دىكى تۆۋەندىكى قىسقا ئۇچۇر بىلەنلا كۇپايىلەندىم:

»تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر«، ئاپتورى: ئىمىر ھۈسەيىن قازى، يېزىلغان ۋاقتى : 1957 ـ يىلى، قەشقەر. «بۇ كىتابتا قەشقەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تارىخى ۋەقەلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىش بىلەن بىللە، ئاساسلىقى قەشقەر رايونىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخى ۋەقەلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەسەر 284 بەت ئەتراپىدا» [7]. بۇ ئەسەر شىنجاڭ رايونىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. «چىڭگىزنامە» ئەسلى «تارىخى كاشغەر» بۇلىشى كېرەك

ناملۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر ـ 1902 «يىلى ئاكادېمىك بارتولد تەرىپىدىن ئىلىم ساھەسىگە قايتا تونۇلۇپ، 84 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1986 ـ يىلى ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «چىڭگىزنامە» دېگەن تونىنى كىيىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىپ تارقىتىشى بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئاتالمىش» چىڭگىزنەمە» نىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» دېگەن سەھىپىسىگە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بېرىلگەن : « ‹چىڭگىزنامە› نامىلىق بۇ تارىخى ئەسەر موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ، ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق

مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ‹چىڭگىزنامە› ناملىق بۇ ئەسەر موللا مىر سالىھنىڭ ئەينى قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ ، 1981 ـ يىلى قەشقەرلىك قادىر بۇلاق تەرىپىدىن تېپىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازما فوندىغا تەقدىم قىلىنغان. ‹چىڭگىزنامە› نىڭ قولىيازما نومۇرى: 00679، قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى پارسىي بىلەن يېزىلغان. ئەسەر جەمئىي 262 بەت، 16 فورمات بولۇپ ، ھەر بېتىگە 13 قۇردىن يېزىلغان. ‹چىڭگىزنامە › ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ قولىيازمىنىڭ تېپىلىشى تارىخ تەتقىقاتىدا كىشىنى شادلاندۇرىدىغان زور مۇۋەپپەقىيەت بولدى. .....» [8.]

ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى مەزكۇر قولىيازمىنى نەشرگە تەييارلىغان ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن 84 يىل ئاۋۋال ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەزكۇر ئەسەرنى «تارىخى كاشغەر» دەپ ئاتىغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىدىمۇ ياكى غەرەزلىك ھالدا ئەسەر نامىنى قايتىدىن قويدىمۇ، بۇنى بىلىش قىيىن بولسىمۇ ئەمما بىر ئەسەرنىڭ ئىككى خىل نامدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بولۇپمۇ ھاجى نۇر ھاجىنىڭ 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر ئەسەرنى ھەم «چىڭگىزنامە»، ھەم «تارىخى كاشغەر» دەپ تەڭ قوللىنىشى كىشىدە بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن كۆرە، مەلۇم غەرەز يوشۇرۇنغانمىدۇ دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نەشر قىلىنىپ نەچچە يىلدىن كېيىن، پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلارنىڭ: «بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى ‹تارىخى كاشغەر› ئىدى» دېگەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما بىرەر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىككى قولىيازمىنىڭ ئەسلىدە بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىلىم ساھەسىگە جاكارلىمىغانلىقى ئۈچۈن خاتا نام خاتا پېتى كېتىۋەردى. بۇ خىل نام خاتالىقى چاغاتاي خانلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگىمۇ خاتا تۈيغۇ بېرىپ قويغان ۋە بىر قىسىم ئۇقۇم خاتالىقلىرىنىڭ سادىر بۇلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

ئاكىمۇشكىننىڭ نەشرگە تەييارلىشى ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققان «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئەسلى قولىيازمىسىدىن باشقا، بارتولدنىڭ «تارىخى كاشغەر» ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار رۇس ۋە گېرمان تىلىدا ئېلان قىلىنغان، خەنزۇ ئالىملار چەتئەل تىلىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىۋاستە پايدىلانغان، ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بولمىغانلىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ بۇ ئىككى قولىيازمىنىڭ ئەسلى بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى بايقىماسلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەمدى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» ناملىق مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋېي لياڭتاۋ قاتارلىق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا بىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ سانكت ـ پېتىربورگتىكى قولىيازما نۇسخىسىنى بىۋاستە كۆرمىگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى خاتالىقلارغا ئوخشاشلا يول قۇيۇپ كەلگەنىكەنمىز. بۇ خىل خاتالىق تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور جاۋجياڭمىن « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسى ۋە ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمى ماقالىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «چىڭگىزنامە» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن [9.]

مەنمۇ «تارىخى كاشغەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھى» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنى يوللىغان ۋاقىتتا، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» بىلەن موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ نامىدا نەشر قىلىنغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى پارچە «تارىخى كاشغەر» قىلىپ يوللىغان ئىدىم (مۇھەممەد ئاتىف بىلەن ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ ئەسەرلىرىنى قوشقاندا تۆت پارچە) تېما بېكىتىشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرمۇ شۇ بويىچە تەستىقلىغان ئىدى. ئەمما سانكت ـ پېتربورگدا ساقلىنىۋاتقان «تارىخى كاشغەر «نىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەزكۇر قولىيازما بىلەن ئاتالمىش» چىڭگىزنامە» نى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ

ئىككى ئەسەرنىڭ يۈز پىرسەنت ئوخشىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ 2750 يىللىق، مەرغىلان شەھىرىنىڭ 2000 يىللىق تارىخىغا بېغىشلانغان ئىككى قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى ۋە تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى كەسىپداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان» تارىخى كاشغەر» بىلەن ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە «نىڭ بىر ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولدۇم.

ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ئىككى قولىيازمىنىڭ بىر ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چىگىش سوئاللارنىڭ جاۋابى يەنىلا ھاجى نۇر ھاجىنىڭ 1993 - يىلى نەشر قىلىنغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن چىقتى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلدى. تۆۋەندە بۇ پاكىتلارنى بىر بىرلەپ ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئەسەرنىڭ نامى مەسىلىسى: ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قىسقىچە تارىخ» دېيىلىدۇ ) دېگەن ئەسىرىنىڭ 263 - بېتىگە بېرىلگەن» پايدىلانغان ئەسەرلەر» دېگەن تىزىملىكتە «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹قەشقەر تارىخى›، قولىيازما» دېگەن مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ ، «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتاب نامى ئۇچرىمايدۇ. ئەجەبا ئەسلى تېكىستتىكى پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكىدە بار كىتاب نامى بۇ يەردە نەزەردىن ساقىت قىلىنغانمۇ ياكى بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ ۋە ياكى مۇھەررىرنىڭ خاتالىقمۇ؟

ئەمدى بىز مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستىگە قاراپ باقايلى: «قىسقىچە تارىخ» نىڭ 47 - بېتىدىكى: «...... بىر ئاپتۇۋىنىڭ ئىچىدىن ‹خۇمار خاتۇنىنىڭ ئوغلىنىڭ تويى ئۇچۇن› دەپ يېزىلغان بىر خەت چىققان. خۇمار خاتۇن كىم؟ قاچان ئۆتكەن؟ قانداق بولغان؟ بۇ توغرىدا مەلۇمات يوق» دېگەن ئابزاسنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللار قىسمىغا «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كورەگان: ‹تارىخى رەشىدى›، قولىيازما؛ شاھ مەھمۇد چۇراس: ‹تارىخ›، موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹قەشقەر تارىخى› » دەپ يېزىلغان. بۇ مەزمۇن ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «قەشقەر تارىخى» نىڭ 58 — b بېتىدىكى مەلۇمات بىلەن تامامەن ئوخشاش. يەنە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ 98 - بېتىدىمۇ شۇنداق. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «تارىخى قەشقەر» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ» نىڭ 109 - بېتىدىكى: «يەكەننى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا بېرىپ، خوتەن ئارقىلىق تىبەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى› دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 96 - بېتىدىكى ۋە ئاكىمۇشكىن تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 56 — b بېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن بىردەك. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ «نىڭ 149 - بېتىدىكى: «....ماڭا دەرسەنكى ۋاپا قىلغۇچىدۇر، ئىلگە قىلغاچقا ماڭا قىلغايسەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: « ‹چىڭگىزنامە› قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 99 - بەت» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 58 — bبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش .ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «چىڭگىزنامە» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ «نىڭ 184 - بېتىدىكى: «...... خۇدابەردى يەكەنگە كېتىپ بېرىپ يولدا ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹چىڭگىزنامە› » دېيىلگەن .بۇ مەلۇمات ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 72 — a بېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «چىڭگىزنامە» نامىنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ » نىڭ 185 - بېتىدىكى: « ...... ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان،

قۇمۇلمۇ مۇھىم سودا شەھەرلىرىدىن ئىكەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹چىڭگىزنامە› » دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 72 ـ bبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردىمۇ «چىڭگىزنامە» نامىنى ئىشلەتكەن.

«قىسقىچە تارىخ» نىڭ 187 ـ بېتىدىكى: «...... بۇ قەھەتچىلىك مىرزا مۇناخنىڭ قەھەتچىلىكى دەپ ئاتالدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى› قولىيازما ئەسىرىگە قارالسۇن» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 148 ـ بېتىدىكى، ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 86 ـ aبېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دەپ ئىشلىتىلگەن.

«قىسقىچە تارىخ» نىڭ 188 ـ بېتىدىكى: «..... قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى›، قولىيازما» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 147 ـ بېتىدىكى ۋە ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 85 ـ bبېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن.

«قىسقىچە تارىخ» نىڭ 191 ـ بېتىدىكى: « ..... شاھ بايرىن بىلۇجىستان لەشكەرلىرىنى تۇپلاپ ئۆزى بىلۇجىستاندىكى مۇستەھكەم قەلئەگە بېكىنىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سەئىدىيە قوشۇنى دارا قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلغانلىقتىن، ئاخىر ئوغلىنى تارتۇقلار بىلەن ئابدۇللاخان ئالدىغا چىقىرىپ تەسلىم بولدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى› » دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» بىلەن ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» دە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما «ئابدۇللاخاننىڭ بولۇرنى فەتىھ قىلغانلىقىنىڭ بايانى «دېگەن قىسمىدا «شاھ بابىر دەررەئى مەھكەمگە مۇستەھكەم بولۇپ ، ئوغلى شاھ رەئىسنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كۆرۈنۈشكە چىقاردى .....» دېگەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ .بۇ يەردىمۇ ھاجى نۇر ھاجى يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى قوللانغان.

»قىسقىچە تارىخ» نىڭ 236 ـ بېتىدىكى: «سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە خۇلقىي (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، شائىر ھەنىفىي (ئەدەبىي تەخەللۇسۇ (قاتارلىق شائىرلار مەيدانغا كەلگەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى›، قولىيازما» دېيىلگەن. بۇ مەلۇماتلارمۇ ئەسلى قولىيازما ۋە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» دە ئۇچرىمايدۇ. بۇ يەردىمۇ ھاجى نۇر ھاجى يەنىلا» قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى قوللانغان.

دېمەك، ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 47 ـ ، 109 ـ ، 145 ـ ، 187 ـ ، 188 ـ ، ـ 191 ۋە 236 ـ بەتلىرىدە «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹قەشقەر تارىخى› » دېگەن ئىستاتا ئىشلىتىلگەن. يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 149 ـ ، 184 ـ ، 185 ـ بەتلىرىدە «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹چىڭگىزنامە› » دېگەن ئىستاتا ئىشلىتىلىپ، 149 ـ بەتتىكى ئىستاتىدا «1985 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» دېگەن تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلگەن بولسا، 184 ـ ، 185 ـ بەتلەردە پەقەت «موللا مىرسالىھ كاشغەريي: ‹چىڭگىزنامە › »دېيىلگەن. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، كىتابىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكىدە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

يۇقىرىقى مەنبەلەرنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى موللا مىرسالىھ كاشغەريي ئاتلىق بىر كىشى «قەشقەر تارىخى» ۋە «چىڭگىزنامە» دىن ئىبارەت ئىككى تارىخى ئەسەر يازمىغان بولغىيمىدى دېگەن قاراشقىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئەمما ئەسلى قولىيازمىنى كۆرگەن كىشىلەرلا بۇنىڭ ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ئوينالغان «مەنبە كۆپەيتىش» ئويۇنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەجەبا ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى «تارىخى كاشغەر» بىلەن «چىڭگىزنامە» نى بىر خىل نامدا ئاتاشنى خالىمىغانمۇ؟

ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بىر قولىيازمىنى ئىككى خىل نامدا قوللىنىشى ۋە 1986 ـ يىلى «تارىخى كاشغەر» نى نەشرگە

تەييارلىغاندا كىتاب نامىنى «چىڭگىزنامە» دەپ ئىشلىتىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەر خۇددى تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن سىرلارغا ئوخشاش مەرھۇم بىلەن بىللە باقىي ئالەمگە كەتتى،
يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەسىلىسى: «تارىخى كاشغەر» نىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىق مەسىلىسى رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭمۇ يۇكسەك دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ ، بۇ ھەقتىكى تالاش- تارتىشلار ھازىرغىچە تۈگىمىدى. بىر قىسىم كىشىلەر مەزكۇر ئەسەرنى «شاھ مەھمۇد چوراس يازغان بۇلىشى مۇمكىن ، چۈنكى بۇ ئىككى كىتاب ۋەقەلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» [10] دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ‹تارىخ›ى بىلەن ‹تارىخى كاشغەر» بىر ئاپتورنىڭ ئەسرى بۇلىشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك ۋە مەزمۇنلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە مۇھىم مەنتىقلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردىن قارىغاندا، ئۇلار بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن كۆپ يىراق»[11] دەپ قارايدۇ.
ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلاپ كىرىش سۆز يازغان ھەمدە 1902 - يىلىدىن بۇيان رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكىت - پېتىربورگ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئۈچ پارچە قوليازمىدا ئاپتورنىڭ نامىدىن سىرت، ھەتتا كۆچۈرگۈچىلەرنىڭمۇ نامى يېزىلمىغان. شۇڭا بۇ قولىيازما كېيىن «نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ‹تارىخى كاشغەر› » دېگەن نام بىلەن ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان .ئەمدى ھاجى نۇر ھاجى تەرىپىدىن 1985- يىلى نەشرگە تەييارلىنىپ، 1986- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» («تارىخى كاشغەر») نىڭ ئاخىرقى بېتىدە «بۇ كىتابەت روز سەھشەنبە كۈنى تامام بولدى. رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەر» [12] دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرلار مەزكۇر ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى مەسىلىسىگە نىسبەتەن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» . رەقەم» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «سان»، «بەلگە»، «يېزىش»، «مەكتۇب»، «نامە«،» تەقدىر» [13] دېگەندەك مەنىلەردە چۈشەندۇرۇلگەن بولۇپ ، شۇ بويىچە بولغاندا «رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دېگەن سۆز مەزكور ئەسەرنىڭ موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. ئەگەر موللا مىرسالىھ كاشغەرىينى «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاپتورى دېسەك ، ئۇ ھالدا سانكىت- پېتىربورگدا ساقلىنىۋاتقان ئۈچ پارچە قولىيازمىدا كۆچۈرگۈچىلەر ئاپتورنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈپ قويغان بولىدۇ . ئالدىنقى ئۈچ پارچە قولىيازمىنىڭ بىرىدىمۇ ئاپتورنىڭ نامىنىڭ بولماسلىقى مەزكور ئەسەرنى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ھەر ئۈچۈلىسى ئوخشاش خاتالىققا يول قويغانمۇ دېگەن سوئالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە «رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دېگەن سۆزنى «يازغۇچى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» ئەمەس، «كۆچۈرگۈچى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ.

## خاتىمە

### «قەشقەر تارىخى» نىڭ باش- ئاخىرى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئومۇمىي نامدا يۇرتىمىز تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىم گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ھەم ئۇلارنى توغرا تەتقىقلاش ۋە توغرا پايدىلىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ئىلىم ساھەسىدە «تارىخى كاشغەر» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نى خەلقئارا ئىلىم ساھەسى بىلەن بىر ئورۇبىتىغا چۈشۈرۈپ ئورتاق بىر نامدا ئاتاش زور ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەنزۇ كلاسسىكلىرىنىڭ «قويدىن نەچچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قوتاننى تۈزىسەكمۇ كېچىكمەيمىز» دېگەن ھېكمىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جايىدا ئېيتىلغان. گەرچە ئاكادېمىك بارتولدنىڭ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخى مىراسىمىزغا «تارىخى كاشغەر» دەپ نام بەرگىنىگە ھازىر تويتوغرا 106 يىل بولغان بولسىمۇ، «قوتاننى ئەمدى تۈزىسەك» مۇ يەنىلا كېچىكمەيمىز، ئەلۋەتتە.
ئاخىرىدا ياپونىيىدىكى ئالدىراش ئوقۇشىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، «تارىخى كاشغەر» نىڭ سانكىت-

پېتربورگ نۇسخسنى تېپىپ بەرگەن شنجاڭ مائارىپ نەشرياتىنىڭ كاندىدات ئالى مۇھەررىرى زۈلپىيە تۇرسۇنغا، «تارىخى كاشغەر» بىلەن ئاتالمىش» چىڭگىزنامە» نى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىشىمغا ياردەملەشكەن شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇسەن مىڭئۆيى تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەنلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

---


ئىزاھات:

.[1]مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ توم 168 ـ بەت

.[2]ۋېي ليڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ، خەنزۇچە 1 ـ بەت. قاراڭ: خۇتاۋ: «8 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، خەنزۇچە 217 ـ بەت

.[3]ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخى كاشغەر«، كىرىش سۆز، رۇسچە 2 ـ بەت، 2001 ـ يىلى سانكىت – پېتربورگ.

.[4]ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخى كاشغەر»، كىرىش سۆز، رۇسچە 6 ـ بەت، 2001 ـ يىلى، سانكىت – پېتربورگ.

.[5]ليۇجېڭيىن، ۋېي لياڭتاۋ: «غەربىي يۇرت خوجىلار جەمەتى تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرياتى، 1988 ـ يىلى، خەنزۇچە، 8 ـ ، 9 ـ بەتلەر؛ ۋېي لياڭتاۋ: : «يەكەن خانلىقى تارىخى»، 1988 ـ يىلى، خەنزۇچە، 12 ـ بەت.

.[6]مۇھەممەد ئاتىف: «قەشقەر تارىخى»، 1998 ـ يىلى، تۈركچە، 3 ـ 5 ـ بەتلەر.

» .[7]شىنجاڭ تارىخى – مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى»، 1 ـ توم، شاپىگراف نۇسخىسى.

.[8]موللا مىر سالىھ كاشغەري» :چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 1986 ـ يىلى، كىرىش سۆز قىسمى، 1 ـ بەت، (بۇ قولىيازما ئاكادېمىيىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا قايتىپ كەلمىگەن.(

.[9]جاۋ جياڭمىن: :چاغاتايچە ھۆججەت ‹چىڭگىزنامە› دىكى موڭغۇل كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە«،» شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمى ژۇرنىلى »، 2005 ـ يىللىق 5 ـ سان، خەنزۇچە، 77 ـ بەت .قاراڭ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دوكتور ئوقۇغۇچىلار دىسسېرتاتسىيىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن جاۋ جياڭمىننىڭ «چاغاتايچە ھۆججەت ‹چىڭگىزنامە› تەتقىقاتى» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى، 2005 ـ يىلى.

.[10]ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى، ـ 2007يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

.[11]ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مەنبەشۇناسلىق دوكتورى گۈلچېھرە سۇلتانىۋا بىلەن مەزكور تېما ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي، تاشكەنت.

.[12]موللا مىرسالىھ كاشغەري: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 1986 ـ يىلى، 182 ـ بەت. (بۇ يەردە ئەسلى مەنبەگە سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە يەنىلا «چىڭگىزنامە» دەپ ئېلىندى.(

.[13]مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن قاتارلىقلار تۈزگەن: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى، ـ 2002 يىلى، 303 ـ ، 304 ـ بەتلەر.


مەنبەسى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى 6 ـ سان

# قەشقەر شەھرىنىڭ سېپىل ـ دەرۋازىلىرى

قەمەرجان قابىل

قەشقەر شەھرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۇتقان ئورنى ۋە نامى ھەرخىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرنىڭ كۆلىمى، سېپىل دەرۋازىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلدى. قەشقەر شەھرى بىنا بولغان 1000 نەچچە يىلدىن بۇيان، «كۇيبالىق»، «ئوردا كەنت»، «سۇلى»، «كاشغەر»، «قەشقەر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. شەھەر «ئىچكىرىدىكى شەھەر»، «تاشقىرىقى شەھەر»، «يۇملاق شەھەر»دىن ئىبارەت 3 بۆلەككە بۆلۈنگەندى.

قەشقەر شەھرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدىكى بۇيۇك كارۋان يولى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدا تېرىقچىلىق، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇددىست ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەر سۈيى ئەلۋەك، مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك گۈزەل بوستانلىق بولۇپ، ئاۋات بازىرى بار قەدىمى ماكان ئىدى.

مىلادى 893 ـ يىلى چاقماق دەرياسىغا كەلگۈن كېلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ھازىرقى قەشقەر شەھرىنىڭ ئورنىنى پايتەخت قىلىشقا تاللىغان ۋە بۇلاق بېشى دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈكتە ئوردا قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جاينى مەركەز قىلىپ ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدە ھازىرقى خام بازىرى (ئوردا ئالدى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بەشئېرىق مەھەللىسى)نى، شەرقتە ئاۋراتقاي مەھەللىسى، ھاكىم ئاغىچام كوچىسىنى، شىمالدا جاڭقورغان مەھەللىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 4 ـ 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەر بىنا قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئوردا كەنت دەپ ئاتىغان. ئوردا كەنت دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ غەرب، شەرق، شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدىن 4 دەرۋازا ئېچىلغان، بۇ دەرۋازىلار ئوردا ئىشىكى، قاراقىر دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى ۋە توققۇز، ئاق دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. تۆۋەندە مەن دەرۋازا نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئوردا ئىشىكى

بۇ دەرۋازا ئوردىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە يەنى ئاۋراڭقاي، ھاكىم ئاغچام كوچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان مەركىزىي ئېغىزغا جايلاشقان، ئەينى چاغدا بۇ دەرۋازىدىن، ئاساسەن، ئەمەلدارلار ۋە ئوردا لەشكەرلىرى كىرىپ ـ چىقاتتى، شۇڭا بۇ دەرۋازا ئوردا ئىشكى دەپ ئاتالغان، كېيىنكى چاغلاردا كونا دەرۋازا دەپمۇ ئاتالغان. ئەينى چاغدىكى كونا ئوردىدىن ئارا ئوردىغا )جاڭقورغان تەرەپكە( چىقىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشكمۇ ئوردا ئىشكى دەپ ئاتالغان، بۇ ئىشىك ھازىرقى ئوردا ئىشكى باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە چاپان بازىرى مەسچىتىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ.

قاراقىر دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا قەشقەر شەھىرىنىڭ (ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەرنىڭ) جەنۇب تەرىپىگە يەنى ھازىرقى چاقسا كوچا ئىش باشقارمىسى ساقىيە ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى كەتمەن بازىرى مەھەللىسىگە جايلاشقان، بۇ دەرۋازىنىڭ قاراقىر دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قېچچا، ئاراباغ، بارىن قاتارلىق كەنتلىرى ئەينى چاغدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قاراقىر يېزىسى دەپ ئاتىلاتتى، شۇڭا شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىدىكى قاراقىر يېزىسىنىڭ نامى بىلەن قاراقىر دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە پېشقەدەم تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللەشلىرىگە ئاساسلانغاندا، خانلىقنىڭ ئىچكى قوغداش خادىملىرى مۇشۇ دەرۋازا ئارقىلىق يېڭىشەھەر تەۋەسىگە چىقىپ مەشىق قىلىپ يەنە مۇشۇ دەرۋازىدىن قايتىپ كىرىدىغان بولغاچقا، قارىغا ئاتىدىغانلار كىرىپ ـ چىقىدىغان دەرۋازا دەپ ئاتالغان، كېيىن ئۇ قىسقىراپ قاراقىر دەرۋازىسى بولۇپ قالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆزگىرىپ، جانلىق تىلدا قاراقى دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. **19** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ دەرۋازا تاقىۋېتىلگەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ **30** ـ يىللىرىدا يەنە ئېچىۋېتىلگەن. ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېنىدىكى چاقسا كوچا ئىش باشقارمىسغا بارىدىغان يول ئېغىزى ھازىرمۇ قاراقىر دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

سۇ دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە يەنى ھازىرقى ئوردا ئىشكى مەھەللىسى زىلچا كوچىسى ئېغىزىغا

جايلاشقان، ئۇردا خادىملىرىغا كېرەكلىك سۇ مۇشۇ دەرۋازا ئارقىلىق توشۇلاتتى. شۇڭا بۇ دەرۋازىنىڭ نامى سۇ دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان، بۇ نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

توققۇزئاق دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە يەنى ھازىرقى خام بازىرى دېگەن جايغا جايلاشقان. ئەينى چاغدا بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىدا، ئاساسەن، يېزا ۋە بىر نەچچە دەڭ ـ ساراي بار ئىدى. توققۇزئاق )ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر( تەۋەسىدىكى خەلق سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ۋە خانلىققا باج، ئالۋان ـ ياساق تۆلەشتە شەھەرگە مۇشۇ دەرۋازىدىن كىرەتتى ھەمدە مۇشۇ يەردىكى دەڭ ـ سارايلاردا قوناتتى. شۇڭا بۇ دەرۋازىنىڭ نامى توققۇزئاق دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. كېيىنچە جانلىق تىلدا توققۇزاق دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

زوھۇردىن ھاكىمبەگ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا (1839 ـ يىلى) شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بۇلاق بېشى مەھەللىسى، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى قازانچى، يار بېشى مەھەللىرى، جەنۇب تەرىپىدىكى بورىچى كوچىسى، شامچى كوچىسى، كېپەك بازىرى كوچىسى، غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قۇم دەرۋازا ئىش باشقارمىسىنىڭ چەكمەنچى كوچىسى، ئاتۇش مەھەللىسى، غەربىدىكى نورىبېشى كوچىسى، شىمال تەرىپىدىكى يارباغ كوچىسى ئىش باشقارمىسىنىڭ جاڭگورغان، تۆرەيارباغ ئاھالىلەر كومىتېتلىرى قاتارلىق جايلار دائىرە ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۇزۇنلۇقتا ئايلانما سېپىل سوقۇلۇپ شەھەر كېڭەيتىلگەن ھەمدە ئېگىزلىكى 8 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدىغان، ئۈستىدە ۋە 2 تەرىپىدە قاراۋۇلخانىسى بار ئەگمە شەكىللىك 2 دەرۋازا قويۇلغان، بۇ دەرۋازىلار يارباغ دەرۋازىسى ۋە قۇم دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر شەھىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن قىسمى تاشقىرىقى شەھەر دەپ ئاتالغان.

يارباغ دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا ئەنجان كوچىسىنىڭ شىمالىي ئېغىزىغا يەنى تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يارلىققا جايلاشقان. بۇ دەرۋازىنىڭ يارباغ دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق: ھازىرقى تۆرەيارباغ ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى قازىخانىسىنىڭ قازىلىرىدىن تۆردۇش قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەشەمەتلىك بېغى بار ئىدى. بۇ باغنىڭ ئىگىلىرى زوھۇردىن

ھاكىمبەگدىن نارازى بولۇپ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۈستىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۆز ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنى ئۆلارنىڭ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن سوقتۇرغان. بۇ باغلار سېپىل سوقۇش ئۈچۈن توپا ئېلىش تۈپەيلىدىن يارلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا بۇ يەرگە قويۇلغان دەرۋازىنىڭ نامى يارباغ دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى يارباغ دەرۋازىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇم دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا تاشقىرىقى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى سۈت ـ قايماق كوچىسى يېنىغا جايلاشقان. ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ ھازىرقى ئۆستەڭبويى كوچىسى بار جايدا غەربتىن شەرققە قاراپ قۇم ئاربلاش قىزىل سۇ ئاقاتتى. ئۆستەڭ چاپقاندا چىقىرىلىدىغان قۇم داۋاملىق دەرۋازا يېنىغا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەر بۇ دەرۋازىنى قۇم دەرۋازىسى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى مۇشۇ دەرۋازىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تۆشۈك دەرۋازىسى

بۇ دەرۋازا شەھەر 2 ـ قېتىم كېڭەيتىلگەندە قويۇلغان. ئەسلى بۇ جايدا دەرۋازا يوق ئىدى. شەھەرگە كىرىدىغان ئاما زوھۇرىددىن بەگكە شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىنمۇ بىر دەرۋازا ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان. بۇ ئىلتىماسنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئوردا كاتىپى تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغان ۋە ئىلتىماستىكى تەلەپنى يوللۇق دەپ قاراپ، بەگكە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بەگ بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، سېپىلنى تەشتۈرۈپ دەرۋازا ئاچتۇرغان، دەرۋازا پۈتكۈچە خەلق ئاشۇ تۆشۈك ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان، شۇڭا بۇ دەرۋازا تۆشۈك دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان، بۇ دەرۋازا ئەتراپى ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1898 ـ يىلى مانجۇ ئەمەلدارى لۈيجى دارىن قەشقەر شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆزى تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قەلئە سالدۇرغان، بۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا ئايلانما سېپىل سوقتۇرغان، بۇ سېپىل يۇمىلاق بولغاچقا، كىشىلەر بۇ قەلئەنى يۇمىلاق شەھەر دەپ ئاتىغان. قەلئەنىڭ شەرق تەرىپىدىن قويۇلغان دەرۋازا يۇمىلاق شەھەر

دەرۋازىسى، غەرب تەرىپىدىن قويۇلغان دەرۋازا يېڭى دەرۋازا دەپ ئاتالغان. بۇ دەرۋازىلارمۇ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى ئۆچۈن خىزمەت قىلغان. 30 - يىللاردا مەھمۇت مۇھىتى )مەھمۇت سجاڭ( قوماندانلىقىدىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندا، يۇملاق شەھەر دەرۋازىسىدىن پۇقرالارنىڭ كىرىپ-چىقىشى مەنئى قىلىنغان ۋە يۇملاق شەھەرنىڭ شىمالىدىن بىر دەرۋازا ئېچىلغان. بۇ دەرۋازا يېڭى ئاچقان دەرۋازا ياكى نور بېشى دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان. بۇ دەرۋازا هازىرقى نور بېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېنىدا ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەرۋازىلارنى ئەينى چاغدا هۆكۈم سۈرگەن ئىستىبدات هۆكۈمران-ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشى ۋە هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىش-تاقىلىش ۋاقتىنى هۆكۈمەت دائىرىلىرى بەلگىلەيتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالغان كىشىلەر دەرۋازىدىن كىرەلمەيتتى ياكى چىقالمايتتى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن جەرىمانە ئېلىناتتى هەتتا ئۆلار دەرۋازا يېنىدىكى قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ قويۇلاتتى. بۇ ئىش تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتى.

1953 - يىلى خەلق هۆكۈمىتى شەھەر خەلقىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ دەرۋازىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، سېپىللارنى چېقىشقا باشلىدى، 1960 - يىللارغا كەلگەندە قەشقەر شەهرىنى ئوراپ تۇرغان ئايلانما سېپىل ئاساسەن تۈگىدى، سېپىل ئورنىغا هەر خىل قۇرۇلۇشلار، زامانىۋى بىنالار سېلىندى.

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى 1997 - يىلى 4 - سان

# قەشقەر تەسراتلىرى

## ئابدۇلئەهەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

### خام بازىرى

هېيتگاهقا يېقىن بىر يەردىكى خام بازىرىدا تاماق يېدۇق، لېكىن بۇ يەر خام بازىرى دەپ ئاتالغىنى بىلەن خام سېتىلىدىغاندەك قىلمايتتى. خۇددى ئوردا ئالدى دېگەن يەردە هازىر ئوردا بولمىغاندەكلا.
قارىسىڭىز هەممە جاي يېڭى، هەتتا هېيتگاهنىڭ ئالدىمۇ يېڭى، 1000يىللىق تارىخى بار قەشقەر قەيەرگىدۇ

كېتىپ قالغاندەك... مەن كېلىپ قالغىنى باشقا بىر قەشقەردەك.

لېكىن زامانىۋى كوچىلار ۋە زامانىۋى بىنالار ئارىسىدىكى قەشقەرگە خاسناملار ئادەمنى ئويغا سالاتتى. گۈزەر، جانان كوچىسى، دۆلەتباغ دېگەن ئىسىملاردىن بىر خىل تارىخ، سىرلىق ھېكايىلەر پۇراپ تۇراتتى.

تۈمەن دەرياسى ئادەمگە دەريادىن كۆرە كەچمىشلەر ئېقىندەك، تۈمەننىڭ كەچمىشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، كەچمىشلەرنىڭ قىرتاقلىقىدىن قىزىل بولۇپ قالغان بىر دەريادەك تەسىر بېرەتتى.

خەلق مەيدانىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ غايەت زور ھەيكىلى ئالدىدىكى يولنى ئادەم ۋە ماشىنا ئېقىنى دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. ئاشۇ يولدا پۈتۈن قەشقەر ئېقىپ باراتتى.

خىيالدىن قايتىپ كەلدىم. شاپ بۇرۇت مۇلازىم قەشقەر تەلەپپۇزىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خېرىدار چاقىرىپ تۇۋلاشقا باشلىدى.

مەن قەدىمىي قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى قەشقەرنىڭ يەر ناملىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كۆزۈمگە ۋاز كېچىش بىلەن قوبۇل قىلىش، تەرەققىيات بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس مۇساپە ئىچىدە قەشقەر شەھىرى ئەللەيلىنىپ ياتقاندەك كۆرۈپ كەتتى.

## كېسەل

ھېيتگاھقا كېتىۋېتىپ يول بويىدا تامغا يۆلىنىپ ياتقان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. قەلەندەر ئوخشايدۇ دەپ قارىدىم، لېكىن تۇرقىدىن قەلەندەردەك قىلمايتتى، كېسەلمىكىن دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئالدىدىكى بىر پارچە گېزىتنىڭ ئۈستىگە نەچچە موچەن پارچە پۇل ۋە يېرىم نان تاشلاپ قويۇلغانىدى. قىسقىسى ئۇ قارىغان ئادەمگە غەلىتىلا تۇيغۇ بېرەتتى. كىيىۋالغان كىيىملىرى بەكمۇ ئۆزگىچە، رەڭگىنى ئۆققىلى بولمايدىغان كاستيۇم بىلەن بادام دوپپا بۇ كىشىنى قەلەندەر ئەمەستەك قىلىپ كۆرسەتتى، لېكىن ھېچنىمىگە پەرۋاسىز يېتىشى، چىرايىغا ئولىشىۋالغان چىۋىنلار قارىغان ئادەمنى بۇ كىشى كېسەلمۇ ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن تىلەمچىلىك يولىغا كىرگەن ئادەممۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى.

يېتىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ بۇرۇتلىرى قاملاشقانىدى، ئاياغ چوتكىسىدەك توم ۋە قارا بۇرۇتلىرى سالپىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئادەمگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرەتتى. قارىغاندا ئەلگىرى نوچى ئۆتكەن كىشى بولسا كېرەك، گەۋدىلىك ۋە زور كۆرۈنەتتى. لېكىن بۇرۇتلىرى ئەتراپىغا، كالپۇكلىرىغا نۇرغۇن چىۋىن ئولىشىۋالغانىدى. مەن بۇ كىشىنى ئۆلۈپ قالغانمىدۇ ياكى ھوشىدىن كەتكەنمىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ يۈزىدە مىرىلداپ تۇرغان چىۋىنلار تېنىمنى جۇغۇلداتتاتتى. بىر چاغدا ھېلىقى كىشىنىڭ قولى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا قوزغىلىپ ئېغىزىنى سۈرتتى، چىۋىنلار قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ چاغدا يېنىك تىن ئالدىم، ھاياتكەن دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ قول چاۋىغايلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن خۇددى جېنى قالمىغاندەك يەنە شالاققىدە يەرگە چۈشتى.

كېتەي دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، كېتەلمىدىم. پۈتۈن بەدىنىنى كىر باسقان بىر كۆچۈك قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ ئاۋۋال ھېلىقى كىشىنىڭ ئاياغلىرىنى پۇرىدى، ئاستا ـ ئاستا قوللىرىنى پۇرىدى ۋە ئاخىر بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ شۆلگەي ئاققان چاۋىغايلىرىنى پۇرىدى.

قوغلا، بۇ نىجاسەت ئىتنى قوغلا! دەپ خىتاب قىلدىم كۆڭلۈمدە. لېكىن ھېلىقى كىشىدىن ھېچقانداق سادا يوق. ئىتنى مەن بولسامۇ قوغلىۋېتەي دېدىم ـ يۇ، تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى دەل شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى ئېرىنچەكلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم مىدىرلىدى. لېكىن ئىتنى ھەيدىمىدى، كۆزلىرىگە قونۇۋالغان چىۋىننى ھەيدىمىدى. ئاۋۋال يېنى بولۇپ، ئاندىن تۈيۈقسىز لوڭڭىدە ئۆرە بولدى، لېكىن قېچىپ بىر نەچچە قەدەم يىراققا بېرىپ تۇرغان ئىتقا

ياكى چىرايىدىكى بىزەكلىك بىلەن ئۆچماي تۇرغان چىۋىنلارغا دىققەت قىلمىدى، ماڭمۇ قاراپ قويمىدى. ئەمما بىر قولى بىلەن گېزىت ئۈستىدىكى پارچە پۇلنى قاماللاپلا يانچۇقىغا سالدى ۋە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدىم، ھېلىقى ئېرىنچەك ئادەم ياكى ھۇرۇن قەلەندەر شۇ لۈكۈلدەپ ماڭغان پېتى ھېيتگاھ يېنىدىكى بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى، شۇ چاغدا يېنىك تىن ئالدىم. شۇ كېچىسى پۈتۈن بەدىنىمگە چىۋىن قونۇۋالغان، لالما ئىتلار ئېغىزىمنى يالىماقچى بولغاندەك كۆرۈنۈشلەر كۆزۈمگە تولا كۆرۈنۈپ، چىۋىندىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپ ئۇرۇنۇپ، سىلكىنىپ يۈرۈپ ناھايىتى خاتىرجەمسىزلەندىم. كۆڭلۈمدە ئاجايىپ بىر ئارزۇ: ئاشۇ ئادەم يۈزىدىكى چىۋىنلارنى غەزەپ بىلەن قوغلىغان، ئېغىزىنى يۇرىغان لالما ئىتنى زەردى بىلەن تەپكەن بولسا قانداق بولار ئىدى ـ ھە! راھەتلىنىپ كېتەرمىدىم؟ قىسقىسى، قەشقەردىن كېتىپ بولغۇچە مۇشۇ تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىدىم.

## ملك يول

ئۇ ئىسمى بىر مىسرا شېئىرغىلا ئوخشايدىغان، تاغلار ئارىسىدىكى بىر كەنت. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مۇش يېزىسىدىكى ملك يول كەنتىگە كىرىپ كەلگەندە كالالامدىن شۇ ئويلار كەچتى.

تاغنىڭ تىك تۆۋىنىدىكى ئېقىن بويىدا شەكىللىنىپ قالغان ئوتلاقتا ئىككى كالا باغلاپ قويۇلغانىدى. بىز چۈشكۈن قىلغان جاينىڭ ئىككى مېتىر نېرىسىدىن مۇزدەك بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. سۇندۇك قاتارلىق قۇشلار ئەتراپتا ناھايىتى چاقچاقلىق بىلەن دانلاپ يۈرەتتى، ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە كۆپكۆك.

نېمىشقا بۇ بىر كىچىك كەنتنىڭ نامى ملك يول بولۇپ قالدى بىلەلمىدىم. كەنتنىڭ قىرغىز ئاھالىسىنىڭ قولىدىن ئۇغلاق كاۋىپى يەۋېتىپ قىرغىز كىشىنىڭ يوغان، قاتمال گەۋدىسىگە، كونا شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىن قىلچە قېلىشمايدىغان قەشقەرچە پۇراقتىكى ئۇيغۇرچە گېپىگە ئۇنسىز دىققەت قىلدىم. قىرغىز كىشىنىڭ گەۋدىسىدىن قوشۇلۇۋاتقان بىر مەدەنىيەتنى ۋە ئورتاقلىقنى سەزدىم، كۆڭلۈم يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

يېنىمىزدىن نەچچە كىچىك بالا قوي ـ ئۆچكىلەر توپىنى ھەيدەپ ئۆتتى. ئاۋۋىسى قىرغىز، ماۋۇسى ئۇيغۇر دېدى يېنىمدىكىلەر. لېكىن مەن ئۇلارنى زادى پەرقلەندۈرەلمىدىم. قارىغاندا ھېلىقى باللارنىڭ كاللىسىدا مەن قىرغىز، مەن ئۇيغۇر دېگەن ئوي زادى يوقتەك قىلاتتى، ئۇلار گويا مەدەنىيەت، نام ۋە مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئويلاپ كۆرمىگەن ۋە ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈپ يۈرمىگەن يەردە مەن نېمىشقا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ يۈرەي ۋە پەرقلەندۈرەلەي؟ ئۆزۈمنىڭ ئويلىرىغا كۈلۈپ قويدۇم.

## قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى

قەشقەرگە كېلىۋېتىپ بىر لوزۇنكىغا يېزىپ قويۇلغان «شىنجاڭغا كەلمىسىڭىز جۇڭگونىڭ چوڭلۇقىنى، قەشقەرگە كەلمىسىڭىز شىنجاڭنىڭ سىرلىق ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالمايسىز، شىنجاڭغا كەلگەن ھېسابلانمايسىز» دېگەن خەتلەرنى كۆردۈم.

مەن ئۇلۇغلۇقنى كىشلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، بەلكى كىشلەر تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە قاتلاملىرىدىن ئايرىشقا ئادەتلەنگەن بىر ئادەم بولغاچقا، ھېلىقى ۋىۋىسكىنىڭ تەسىرىدە قەشقەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قەيەردىن كۆرۈش مۇمكىن دېگەن ئوي كاللامدىن چىقمىدى.

مەن ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغلۇق بۈگۈنمۇ ئۇلۇغ بولۇشنىڭ ئىسپاتى بولالىشى ناتايىن دەپ قارىغاچقا، قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تارىختىن ئىزدىمىدىم. كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر سوئال: بۈگۈنمۇ قەشقەرنى ئۇلۇغ قىلىپ تۇرغان ئامىللار بارمۇ؟

ئايغى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان تار كوچىلاردىن كېتىۋېتىپ قەلبىمدە بىر تېگىرقاشنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنچىلىك زىچ ئۆيلەر، بىر ـ بىرسىنىڭ ئۈستىگە سىلىۋالغان قەۋەتلىك ئۆيلەر، چىندەك پاكىز سۈپۈرۈلگەن كوچا... ئۇلۇغلۇق كەڭ يوللاردا بولۇشى، ھەيۋەتلىك بىنالاردا بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ لېكىن قەلبىم نېمىشقىدۇر قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ مەخپىيىتى مۇشۇ يەردىمۇ يا دەپ ئويلاپ قالدى. چۈنكى قەۋەتلەرنىڭ ئارىسىغا تارىخ قىستىلىپ كەتكەندى.

كوچىلار تار بولسىمۇ، كىشىلەر ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشەتتى، قىستىلىشىپ قالمايتتى. بۇ كوچا تار بولسىمۇ قەلب كەڭ دېگەن مەنتىقىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ ـ يا؟

ئەتىگەندە مېھمانخانا يېنىدىكى ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈنلا ئېچىلغان بىر ئاشخانىدا قىرىن توغراپ ئېتىلگەن ئۇماچ ئىچتىم. ئاشقازىنىم شۇنداق راھەتلىنىپ قالدى، ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئىللىق پوزىتسىيەسى بىلەن ئاشخانىدىن قورساق توق ۋە ئازادە كەيپىيات ئىچىدە يېنىپ چىقتىم.

قەشقەر كونا شەھەرلىك يىگىتلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ماروژنا سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ماروژنا ساتقان پۇلدىن مەلۇم نىسبەتتە ئايرىۋېلىپ مۇددەتلىك ھالدا قەشقەردە پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرسۇنجان ئىسىملىك تىجارەتچىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. تۇرسۇنجانىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆتكۈر سوئاللىرىدىن كۆرە تۇرسۇنجانىنىڭ ماروژنا سېتىپ تاپقان پۇلنىڭ نىسبىتىنى ئايرىپ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشىدىن ئىبارەت ئىش كاللامغا كىرىۋالدى.

كېچىسى ئۇزاق چۈش كۆرۈپتىمەن، چەكسىز ئاسماندا يېگىسارلىق ئادىل ھوشۇر بىر تال پولات سىمنىڭ ئۈستىدە تۈز يولدا ماڭغاندەك مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

كاللام يورۇپ كەتتى، قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى چۈشۈمگە كىرگەندى. بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ يەنە بىر ئۇچى سېتىلىۋاتقان ماروژنىدىن تارتىپ مېھمانخانا ئالدىدىكى بوشلۇقتا بېغىدىن چىققان ئەنجۈرلەرنى ماختاپ سېتىۋاتقان ئۆسمۈرنىڭ يىرتىقىدىن باشمالتىقى چىقىپ قالغان ئايىغىغا قەدەر تۇتىشىپ كەتكەندى.

********************

مەنبە: <تارىم> ژورنىلىنىڭ 2010 ـ 9 ـ سانى

## قەشقەر شەھرىدىكى تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يوقالغان مەسچىت ـ مەدرىسەلەر

قەشقەر تارىختا مەدىنىيەت بۆشۈكى، ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى بولغان، بۇ جاي ئۇزاق يىللىق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمى گۈزەل ماكان. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قەشقەر تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئىسلام مىمارچىلىقىمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلغان شەھەر. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئاتالمىش «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تارىخى مەدىنى يادىكارلىقلىرىمىز يوقالغان ياكى باشقىلارغا شەخسى مۈلۈك قاتارىدا سېتىۋېتىلگەن.

بۇ تارىخى يادىكارلىقلارنىڭ ئىسىملىرى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرغىچە ئۇنتۇلمىغان.

قەشقەر شەھىرىدىكى تۆرلۈك سەۋىيەلەردىن يوق بولۇپ كەتكەن مەسچىت ـ مەدرىسلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

1. چاپان بازىرى مەسچىدى(ئازنا مەسچىت) : بۇ مەسچىتنىڭ تارىخى 1000 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ مەسچىت يازلىق ۋە قىشلىق ناماز ئوقۇش يىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى، ئامما بۇگۈنگى كۈنگە كەلگەندە يازلىق ناماز ئوقۇش يىرى تامامەن يوق بولغان، قىشلىق ناماز ئوقۇش يىرىمۇ يوق بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. قەشقەر شەھرىنىڭ تارىخىغا قارىغاندا، قەشقەردە تۇنجى قىتىم سىلىنغان ھەم تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان مەسچىتتۇر.

2. خانلىق مەدرىس: بۇ مەدرىستە دۇنيانىڭ ھەر قايىسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، پەيلاسوپ، شائىرلار ئىلىم تەھسىل قىلغان. تارىخى 500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. خانلىق مەدرىسنىڭ ئەسلى ئورنى بۇگۈنكى چاپان بازىرى(ئازنا) مەسچىت بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ، 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇلۇپ كەتكەن. ھازىرقى خانلىق مەدرىس قازان مەدرىسنىڭ ئورنى.

3. قازان مەدرىسى: بۇ مەدرىس ھازىرقى خانلىق مەدرىسنىڭ ئورنى شۇ. ئەسلى خانلىق مەدرىس 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇلۇپ كەتكەندىن كيىن قازان مەدرىسنى خانلىق مەدرىسى دەپ بىلىنمەكتە. بۇ مەدرىسنىڭمۇ تارىخى 500 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە 1966 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەسلى قىياپىتىنى چىقىۋەتكەن.1967 ـ يىلى بۇ مەدرىسنىڭ نامىنى ۋىلايەتلىك سياسى مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇندىن بىرى كىشىلەر تەرىپىدىن خانلىق مەدرىسى ئۇنۇتۇلغان.

4. ساقىيە مەدرىسى: بۇ مەدرىسنىڭ تارىخى 1000 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئورنى چاسا يولىدا بولۇپ( كونا چاسا كىنوخانىسنىڭ ئۇدۇلىدا)، بۇ مەدرىسمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە 1966 ـ يىلى چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. ھازىر بۇ مەدرىسنىڭ ئورنى ستىۋېتىلگەن.

5. چاسا مەدرىسى: بۇ مەدرىسنىڭ تارىخى 1000 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ مەدرىسمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. بۇ مەدرىسنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 14 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇمۇ باشقىلارغا ستىۋېتىلگەن.

6. ھاشىم ئاخۇن داموللا ھاجى مەسچىتى(جىننى گۈزە مەسچىتى): بۇ مەسچىتنىڭ ئەسلى ئورنى ھازىرقى چاسا يولى ئازات كوچا ئۇدىلىدا، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كيىنچە ياۋاغ باشقارمىسى ئىگەللەپ شەخسىيلەرگە ستىپ بەرگەن.

7. ئارا كوچا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى چاسا يولى ئارا كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. بۇگۈنكى كۈندە بولسا بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياۋاغ باشقارمىسى تەرىپىدىن ئاممىۋى ھاجەتخانا سىلىنغان.

8. $$$ مەسچىتى(ئىرىقبويى مەسچىتى): بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياقۇپ ھاجىم ۋالى مەھەللىسى بولۇپ، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كيىنچە.ئاشلىق ئىدارىسى ئىگەللەپ 10 ـ ئاشلىق پونكىتى قىلغان، بۇگۈنكى كۈندە بولسا باشقىلارغا ستىۋېتىلگەن.

9. چاپان بازىرى مەھەللە مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ئامبارچىدا بولۇپ بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كيىنچە ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسى ئىگەللەپ 1982 ـ يىلىدا دۆلەتباغ يىزىلىق ھۆكۈمەتكە ستىپ بەرگەن. ھازىر بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى مىھمان كۈتۈش قىلىپ قوللانماقتا.

10. ئامبارچى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ئامبارچىدا بولۇپ، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كيىنچە مىسكەچى ئۇستىلارنىڭ دۇككىنى قىلىنغان.

11. توقۇززاق دەرۋازا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى خام بازىرىدا بولۇپ(نىزامىددىن ھاجىم مەھەللىسى)، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چىقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كيىنچە باجخانا قىلىنغان.

12. دوپپا بازىرى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى خام بازىرى تۆت يول دوقمۇشىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابى مەزگىلىدە چېقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. بۈگۈنكى كۆندىكى خانتەڭرى ئاشخانىسىنىڭ ئورنى شۇ.

13. ئىدرىس قارى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى دوپپا بازىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابى مەزگىلىدە چېقىلىپ ۋەيران قىلىنغان. كېيىنچە شەخسى مۈلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن.

14. قەدىمى بورىچى كوچىسى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياۋاغ يولىدا بولۇپ بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابى مەزگىلىدە بۇرۇن يول كېڭەيتىش ئىشىدا چېقىلىپ يولغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

15. قازانچى كوچا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياۋاغ يولىدا بولۇپ بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابى مەزگىلىدە بۇرۇن يول كېڭەيتىش ئىشىدا چېقىلىپ يولغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

16. تۆرە يارباغ مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياۋاغ يولىدا بولۇپ بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابى مەزگىلىدە بۇرۇن يول كېڭەيتىش ئىشىدا چېقىلىپ يولغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يول كېڭەيتىشتە. ھازىرقى ھېتگاھتىن يارباغقىچە بولغان يول كېڭەيتىشتە 5 مەھەللە 6 مەسچىت 50000 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس سىرتىغا چىقىشقا مەجبۇرلانغان. بۇرۇن ھېتگاھقا كىلىش يولى ھازىرقى ئەنجان كوچا رەستە يولى ئىكەن.

17. تايخان غوجام خانىقا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى ھىيتكار خام بازىرى دوقمۇشى بۇ مەسچىتمۇ مەدىنيەت ئىنقلابىدىن بۇرۇن يولنى كېڭەيتىش باھانىسى بىلەن چىقۋېتىلگەن.كېيىن سودا كوپىراتىپى ئىگە بولىۋېلىپ ئارقىسىدىكى 15 ئائىلىلىك ئۆي جاي بىلەن تۆر يارباغ مەسچىتى بىلەن قوشۇپ چىقىپ شەخسىلەرگە سېتىۋەتكەن.

18. يارباغ دەرۋازا چوڭ مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى 1958 ـ يىلى يارباغ كىنوخانا قىلىپ ئۆزگەرتكەن. يىقىنقى يىللاردىن بىرى كىنوخانا ئورنىمۇ چېقىلىپ سېتىشقا چىقاردى.

19. يارباغ پاخال بازىرى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى بالون زاۋۇتىنىڭ ئارقىسىدا، ئىسلاھات باھانىسى بىلەن چىقۋېتىپ سېتۋېتىلگەن.

20. ھۇسيىن پىچاقچى مەھەللە مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى قەدىمى يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدا ئىدى. بۇ مەسچىتمۇ يولنى كېڭەيتىش باھانىسى بىلەن چىقۋېتىلگەن.

21. ئوردائالدى چوڭ جامەسى: بۇ مەسچىتنىڭ ياسىلىش تارىخى 1000 يىل بولۇپ(ئازنا مەسچىت بىلەن ئوخشاش)، يەر كۆلىمى 5000 مىڭ كۋادىرات مېتىر كىلىدۇ. 1968 ـ يىلى چىقۋېتىلىپ ئىستىمال بىناسى ياسالغان، بىر قىسمى ئوردا ئالدى بازارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

22. ئەلچىخانا جامەسى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ئوردا ئالدى بازىرىغا كىرىش ئىغىزىدا ئىدى. 1964 ـ يىلى يول كېڭەيتىش باھانىسى بىلەن چىقۋېتىپ شەھەرلىك 2 ـ يىنىك سانائەت ئىدارىسى ئىگەللىۋېلىپ، بۇنى 2005 ـ يىلى سادىق سودا سارىيىغا سېتىۋەتكەن.

23. جانان كوچا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى بۇرۇنقى جانان كوچا (ھېتگاھ تەرەپتىن) كىرىش تەرپىدە بولۇپ، بۇ مەسچىت مەدىنيەت ئىنقلاۋى يىلىدا ساقلىنىپ قىلىنغان، يىقىنقى بىر زاماندا يەنى 1986 ـ يىلىدا بىر مەھەللىدە بىردىن ئارتۇق مەسچىت بولماسلىقى كىرەك دىگەن باھانا بىلەن چىقۋېتىلگەن ئورنىغا باجخانا سىلىنغان 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە جانان كوچىسى ۋە باجخانا قاتارلىق بىر بۆلۈم يەرلەر قوشۇلۇپ مەلۇم كىشىلەرگە سېتىلىپ ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن.

24. ياغ بازىرى مەسچىتى(توغراق تۈۋى مەسچىتى): بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ياغ بازىرىدا بولۇپ، بىر مەھەللىدە بىردىن ئارتۇق مەسچىت بولماسلىقى كىرەك دىگەن ئىسلاھات قىلىشتا چىقۋېتىلگەن.

25. قوناق بازىرى مەھەللە مەسچىتى: ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا بولۇپ، بىر مەھەللىدە بىردىن ئارتۇق مەسچىت بولماسلىقى كېرەك دېگەن ئىسلاھات قىلىشتا چىقۇۋېتىلگەن.

26. شامچى كوچا مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ مەسچىتمۇ 1965 ـ يىلى يول ئىسلاھاتى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقۇۋېتىلگەن.

27. قاش مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى قارقى دەرۋازا يولى(كەتمەن بازىرى يولى) ئەگلەكچى كوچىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدۇ، ھازىر بۇ ئورۇن تۆمۈرچىلەرنىڭ يېرى بولۇپ قالدى.

28. دوغابەگ مەھەللىسى مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئارقىسىدىكى، فىلىم شىركىتىنىڭ يېنىدىكى كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر بۇ مەسچىتنىڭ ئورنىغا ئائىلىكلەر قۇرۇسى سېلىنغان.

29. كەسكەنيار سالامەت مەدرىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى كەسكەنياردا بولۇپ، ھازىرقى ئەشمىكا كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا، بەشئىرىق كوچىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى يېقىنقى زاماندا ئاھالە ئولتۇراق رايونىغا ئايلاندى.

30. ساچ مەدرىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى چاسا يولى غوجىلا كوچىسى ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەدرىسىمۇ يېقىنقى زاماندا ئاھالە ئولتۇراق رايونىغا ستىشقا چىقىرىلغان.

31. لايپەشتاق مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 17 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ شۇ.

32. ساك مەسچىتى(ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار ): بۇ مەسچىتنىڭ ئورنىغا 1963 ـ يىلى ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناسى سېلىنغان.

33. ئارايار ئۆستەڭدىكى مەسچىت: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى تۆشۈك دەرۋازىغا كېتىشتە دۆڭنىڭ ئۆستىدىكى مەسچىت، بۇ مەسچىت ھازىر تاقىۋېتىلگەن.

34. كەنجازى مەدرىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۆستەڭبويى 4 ـ ساقچىخانانىڭ ئورنى شۇ. بۇ مەدرىسىمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چېقىلىپ ئورنىغا ھازىرقى 4 ـ ساقچىخانا سېلىنغان.

35. ئەلەخان تۆرەم مەدرىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۆستەڭبويى باشقارمىنىڭ ئورنى شۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ تارىخى 300 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، يېقىنقى زاماندا يەنى 2005 ـ يىلى چېقىلىپ ئورنىغا ئۆستەڭبويى باشقارما خىزمەت بىناسى سېلىنغان.

36. باغ كوچىسى ئۇدۇلىدىكى مەھەللە مەسچىتى: بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ئۆستەڭبويى يولى باغ كوچىسى ئۇدۇلىدا بولۇپ، ئەسلى مەسچىتنىڭ ئورنى 200 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ھازىر 50 كۇۋادرات مېترغا چۈشۈپ قالغان، سەۋەبى مەسچىت يېنىدىكى ئاشخانىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

37. تاش بازىرى چوڭ جامەسى: بۇ جامە ئورنى ھازىرقى تاش بازىرى يولى، پوچتا ـ تېلگراف ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ، ـ يىلى چىقۇۋېتىلگەن. چىقۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسى تەرىپىدىن ئائىلىلىكلەر قورۇسى سېلىنغان.

دېمەك، مانا بۇ تارىخىي مەسچىت ۋە مەدرىسلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، تۈرلۈك سەۋەپلەردىن بۇ ئورۇنلار چىقۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ بىر تۈركۈم تارىخىي يادىكارلىقلىرى يوق بولۇپ كەتكەن. يۇقاردىكى ئورۇنلارنى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنتۇپ كەتتى...

ئەسكەرتىش: يۇقاردىكى ئورۇن ۋە كوچىلارنىڭ ناملىرى بۇرۇنقى ئىسىملىرى بويىچە ئېلىندى، ھازىر بۇ كوچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسىملىرى ئاللاقانداقتۇر ئۆزگۈرۈپ كەتتى. مەن بىلەلمىگەن ۋە ياكى ئۇنتۇلۇپ قالغان تارىخى مەسچىت ـ مەدرىسلەر بولسا يېزىپ تولۇقلاپ قويساڭلار بولىدۇ.

# قەشقەردىكى كوچىلار

قەمەرجان قابىل

خۇدابەردى ئابدۇللا

قەشقەر ـ خاسىيەتلىك، ئۇلۇغ شەھەر. مەھمۇد كاشغەريي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئەللامەلەر، ھىرقىتى(گۇمنام)، ئابدۇرېھىم نەزارىدەك بۈيۈك شائىرلار ياشىغان بۇ شەھەر تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مولللۇقى، تارىخىي ئىز، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا ئەمەس، ئۆز زامانلىرىدا ئاشۇنداق نۇرغۇن ئۇلۇغ زات ئاياغ باسقان ئۆمۈچۈك تورىدەك بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن كوچا، مەھەللىلىرى بىلەنمۇ داڭلىق.

1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بۇ شەھەرنى گوۋۇيۈەن ئېلىمىزدىكى 38 تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر قاتارىدا «تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر» دەپ ئېلان قىلدى.

بۇ شەھەردىكى ئۈچەيدەك تار، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلارغا كىرىپ قالسىڭىز، بۇ سىرلىق كوچىلاردىكى چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇنچاق ۋە تومىلاق كاكۇل، گەج، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ھەرە كۆنىكىدەك زىچ، بىر ـ بىرىگە چاپلاپ، مىنگەشتۈرۈپ، گىرەلەشتۈرۈپ سېلىنغان سانجاق ـ سانجاق ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە قاراپ، ئاجايىپ گۈزەل، سىرلىق دۇنياغا قەدەم بېسىپ قالغاندەك ئۆزگىچە تەسىراتقا چۆمىسىز.

بۇ كوچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تارىخنى مەھمۇد كاشغەريي ياشىغان دەۋرلەردىن، بەزىلىرىنى چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان، چاڭ سۇلالىسى باشقۇرغان دەۋرلەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇزۇن كوچىلارنىڭلا ئەمەس، ھەر بىر دوقمۇش، ئايلانما، كوچا ئېغىزلىرىنىڭمۇ يېزىلمىغان، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايىتى بار.

بۇ شەھەرنىڭ يەنە قەدىرلەشكە، ئەزىزلەشكە ئەرزىيدىغان خاس ئەۋزەللىكلىرى، باشقا شەھەرلەردىن تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى، ساياھەتچىلەرنى مەھلىيا قىلىدىغان، ئۆزگە تەلمۈرتىدىغان سېھرىي ـ جادۇسى، تارىخنى پاكىتلار بىلەن بېيىتىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى، ھېيتگاھتەك جامائەت سورۇنلىرى بار.

قەشقەر شەھىرىدىكى كونا كوچا، مەھەللە، بازار، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، رەستىلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ دەلىلى ـ ئىسپاتى.

ھازىرقى زامان تارىخچى، تەتقىقاتچىلىرى ئەنە شۇ قاتمۇ ـ قات، ئۇزۇن ـ قىسقا، كەڭ ـ تار، ئۇستى ئوچۇق ـ يېپىق كوچىلاردىن، ئەسىرلەردىن بۇيان غەرب ـ شەرق سودىگەرلىرىنى جەلپ قىلغان قايناق بازارلىرىدىن شەرق مىمارچىلىقىنىڭ كارامىتىنى ھېس قىلالايدۇ، بىلەلەيدۇ.

بىز ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ماكانىنىڭ تارىخىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ۋە چەت ئەللەردىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ھەر يىلى تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان ساياھەتچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇزاق زامانلاردا قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش، ئۆزگەرتىش جەريانىدا يېڭىدىن قويۇلغان، ساقلىنىپ قالغان نام ـ ئاتالغۇلارنى بىلگىنىمىزچە ئېلان قىلدۇق.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچا، مەھەللىرى ھەققەتەن ئاجايىپ مۆرەككەپ ھەم سىرلىق. بىز قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، 60 نەچچە يىللىق ھاياتنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ كوچىلىرىنى ھېلىھەم تولۇق بىلىپ كەتمەيمىز، كىرىپ باقمىغان كوچا، مەھەللىلەرمۇ بار. تارىختا قەشقەر شەھىرىدىكى بەزى قەدىمي كوچا، بازارلارنىڭ نامى ئۆزگىرىپ ياكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تىزىملىكىمىزدە بەزى كوچا، مەھەللىلەرنىڭ نامى ئۆزگىرىپ قالغان ياكى ئۇنتۇلۇپ قېلىنغان، توغرا ئېلىنمىغان بولسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەشقەر شەھىرى تارىختا «ئىچكەركى شەھەر» ۋە «تاشقارقى شەھەر» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان (ھازىرمۇ شۇنداق ئاتايدىغانلار بار).

«ئىچكەركى شەھەر» دەپ ئايرىلغان قىسمى

شەرق تەرەپتە تۆشۈك دەرۋازا، ئاۋراتقاي مەھەللىسنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇلاقبېشى مەھەللىسنى چۆرىدەپ شىمالدا جاتقورغان، تۆرە يارباغ مەھەللىسى، غەربتە توققۇزاق دەرۋازىسى(ھازىرقى خام بازىرى)نى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، دوپپا ـ تۇماق بازىرى كوچىسىنى سىرتتا قويۇپ، بەشئېرىق (باشئېرىق) مەھەللىسىنى بويلاپ، لايپەشتاق مەدرىسىسى(ئابدۇقادىر داموللام مەدرىسىسى) نىڭ غەربى كەسكەن ياردىن ئۆتۈپ، ئەۋرىشىمگاھ كوچىسىنى قوينىغا ئېلىپ، جەنۇبتا كەتمەن بازىرى بىلەن مىرزىلار كوچىسى، ئەگلەكچى كوچىسىنى ئىچىگە ئالغان ھالەتتە سېپىل ئىھاتىسىغا ئېلىنغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئىچكەركى شەھەر» قىسمىدىكى كوچا، مەھەللىلەر:

ئاۋراتقاي مەھەللىسى،

سەرراپچىلار كوچىسى،

كونا دەرۋازا مەھەللىسى،

جىننە گۈزىرى (ئارا كوچا)،

مىرزىلار كوچىسى،

ئەگلەكچى كوچىسى،

ساقىيە كوچىسى،

خانىقا كوچىسى،

ھېكىم ئاغچام كوچىسى،

تاختا مەسچىت كوچىسى،

كونا ئوردا مەھەللىسى،

ئوردا ئىشكى مەھەللىسى،

كاللا مەھەللىسى،

زىلچى كوچىسى،

سۇ دەرۋازىسى،

بۇلاقبېشى مەھەللىسى،

زىندان كوچىسى،

ئارائوردا مەھەللىسى،

دۆڭ مەسچىت كوچىسى،

جاڭقورغان مەھەللىسى،

زەيتاپ كوچىسى،

مەخسۇم كوچىسى،

تۆرە يارباغ مەھەللىسى،

خام بازىرى(توقۇزاق دەرۋازىسى)،

بەشئېرىق مەھەللىسى،

زەگەرلى كوچىسى،

لايپەشتاق مەھەللىسى،

قۇرۇق كۆلبېشى مەھەللىسى،

غوجىلار كوچىسى،

چاچ مەدرىسسى مەھەللىسى،

ئەۋرىشىمكاھ كوچىسى،

كەسكەن يار مەھەللىسى،

ئامبارچى مەھەللىسى،

چاپان بازىرى،

ئارائوردا مەھەللىسى.

«تاشقارقى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمى:

شەرق ـ جەنۇب تەرەپتىن:

قازانچى يارېشى،

گورباغ مەھەللىسى،

جەنۇب تەرەپتىن:

بورىچى كوچىسى،

قاراقى دەرۋازا(قاراقىر دەرۋازىسى)

كىپەك بازىرى،

شامچى كوچىسى،

يېڭى مەھەللە،

قوناق بازىرى مەھەللىسى،

ياغ بازىرى،

دورغابەگ كۆلبېشى مەھەللىسى،
يامۇل ئالدى مەھەللىسى،
گۈڭگاڭ كوچىسى،
دەڭ كوچىسى،

غەربىي تەرەپتىن:
باغچە كوچىسى،
سېپىل تۈۋى كوچىسى،
يۇملاق شەھەر مەھەللىسى،

غەرب ـ شىمال تەرەپتىن:
نور بېشى مەكتەپ ئورنى،
لىجاڭ يامۇل،
چوكانلار مەكتىپى ئورنى،
يارباغ دەرۋازىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«تاشقارقى شەھەر» قىسمىدىكى كوچا، مەھەللىلەر:

قازانچى يارېشى مەھەللىسى،
گورباغ مەھەللىسى،
بورىچى كوچىسى،
قارقى دەرۋازا(قاراقىر دەرۋازىسى)،
شامچى كوچىسى،
كىپەك بازىرى،
كەتمەن بازىرى،
ياغ بازىرى،
قوناق بازىرى،
يىلقىچى كوچىسى،
زەيكەش توغراق كوچىسى،
كەسكەنيار مەھەللىسى،
دورغابەگ كۆلبېشى مەھەللىسى،
ئوردا ئالدى(قۇم كوچا ياكى ئەلچىخانا)،
دوپپا ـ تۇماق بازىرى،
تايخان غوجام خانىقا مەھەللىسى،
پىچاقچى كوچىسى،

يېڭى مەھەللە،

يامۇل ئالدى كوچىسى،

گۈڭگاڭ كوچىسى،

دەڭ كوچىسى،

ئارقا ئوردا،

خەزىنىچى بەگ مەھەللىسى،

تۇرۇمتاي كۆلبېشى،

سەي(كۆكتات) بازىرى،

قۇرۇقتېرەك مەھەللىسى،

زوھىرىدىن بەگ كوچىسى،

جانان كوچىسى،

ئۆستەڭ بويى زەرگەر مەسچىت مەھەللىسى،

گوداڭ كوچىسى،

بۆشۈك بازىرى،

قادىربەگ ھاجى مەھەللىسى،

چۆگۈنچى ھاجى مەھەللىسى،

ئېگىزئېرىق بېشى مەھەللىسى،

باغ كوچىسى مەھەللىسى،

ئەنجان رەستە كوچىسى،

نادىرخان ھاجى كوچىسى،

ئەنجان كوچا مەھەللىسى،

لىجاڭ يامۇل كوچىسى،

خوجا ئەررار ئاخۇنۇم كوچىسى،

داموللا ھاجى كوچىسى،

باغچە كوچا،

سېپىل تۈۋى كوچىسى،

نور بېشى مەھەللىسى،

يۇملاق شەھەر كۆلبېشى مەھەللىسى،

كونا قازىخانا مەھەللىسى،

ياغاچچى كوچىسى،

زەردەك بازىرى مەھەللىسى،

قاسقان بازىرى كوچىسى،

تاغارچى كوچىسى،

ئارىپ ھاجى كوچىسى،

سۈت ـ قايماق كوچىسى(موفاڭ كوچىسى)،

ئىمىن خەلپىتىم كوچىسى،

ئاتۇش مەھەللىسى،
جىگچى كوچىسى،
موللاخۇن خەلپىتىم كوچىسى،
يېڭى ئاچقان دەرۋازا.

شەھەر سىرتىدىن قېتىلغان كوچا، مەھەللىلەر:

كوزىچى يارېشى مەھەللىسى،
ئاراتۈمەن بويى مەھەللىسى،
گۈزەر،
چاۋاك مەھەللىسى،
گۆر مەھەللىسى،
پاخال بازىرى مەھەللىسى،
چىنەباغ مەھەللىسى،
گۈلباغ مەھەللىسى،
كونا ياغاچ بازىرى مەھەللىسى،
گۆر ئۆستەڭ مەھەللىسى،
پاختا بازىرى مەھەللىسى،
توخۇ بازىرى،
تاش بازىرى،
خوجام كۆلبېشى مەھەللىسى،
يېڭى جاي مەھەللىسى،
تۈرمىنىڭ ئالدى مەھەللىسى.
******************

قەشقەر كوچىلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەري فامىلە قىلىپ قوللانغان بۇ شەھەردىكى بەزى كوچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 ـ 300 مېتىر كەلسە، بەزى كوچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىرمۇ كەلمەيدۇ. بەزىلىرىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ ـ تۆت مېتىر، بەزىلىرىنىڭ بىر مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. بەزى بازارلارنىڭ ئورنى پۇتبول مەيدانچىلىك كەلسە، بەزىلىرىنىڭ ۋالىبول، ۋاسكېتبول مەيدانچىلىك كەلمەيدۇ. كۆپىنچە كوچا، مەھەللە بىرەر ھۈنەر، كەسىپ ياكى مەلۇم شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ، بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئادىتى، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ، ھۈنىرى، ئۇقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خۇددى كاتىپرىن ماكارتنىي «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەپ: «ئادەتتىكى كىچىكرەك كوچىلاردا كۆپىنچە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بازىرى بولىدۇ. شۇڭا سىز پاختا بازىرى، خام ـ ماتا بازارلىرىغا بارسىڭىز، ئۇ يەرلەردە رۇسىيىنىڭ گۈللۈك ماتالىرى سېتىلىدۇ. يەنە تۆمۈر ـ تەسەك بازىرى، زەرگەرلىك بازىرى، ئۇن، گۈرۈچ بازىرى قاتارلىق بازارلار بار» دەپ يازغىنىدەك، دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، تارىخىي ئۇزاق بۇ قەدىمىي كوچا، مەھەللىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بازار نامى بىلەن ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قەشقەر شەھىرىدىكى كوچا، بازار، رەستىلەر ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەردىكىدەك كەڭ، ئازادە بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ تارىخى بار.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدە سودا ـ سېتىق تىجارىتى گۈللەنگەن «قاراڭغۇ رەستە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بولۇپ، بۇ يەر ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، «ئەلچىخانا» رەستىسىنىڭ شىمالىغا، توققۇزاق دەرۋازىسى گۈزىرىنىڭ غەربىگە، يارباغ مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئىدى. ئۇ يەرنىڭ 60% ى ھەر خىل گەزلىمە مال ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت ئورنى، 40% ى باشقا بۇيۇملارنى ساتىدىغان دۇكاندار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكىنى ئىدى.

بۇ رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نۇرغۇن دۇكاننى باي سودىگەرلەر ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئادەتتىكى تىجارەتچىلەر بۇ قاتاردىن ئورۇن ئالالمايتتى. رەستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يانلىرىدىكى قوشۇمچە ئايلانما رەستىلەر قوشۇلغاندا يەنە 300 دىن ئارتۇق دۇكان بار ئىدى، بۇ دۇكانلاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئەكەلدۈرگەن جاڭدەن، خاڭدەن، شاخاڭدەن دەپ ئاتىلىدىغان ھەرخىل تاۋارلار، رۇسىيىنىڭ مووۇت، دۇراپ، زەرباب قاتارلىقماللىرى، ھىندىستاننىڭ ئاپئاق پارقىرايدىغان خەسلىرى ۋە «مىسقالە» دەپ ئاتىلىدىغان سىپتا داكىلىرى، تەتلالىرى، يۇرتىمىزنىڭ ئېسىل شايى ـ ئەتلەسلىرى سېتىلاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ يىپەك ماللىرى بۇ يەردە تېپىلاتتى. بۇ رەستىنىڭ ئۈستى باشتىن ئاخىرى ياغاچ بىلەن باستۇرما قىلىپ يېپىلغانلىقتىن، رەستىگە كۈن نۇرى چۈشمەي كۈن بويى غۇۋا تۇراتتى. شۇڭا بۇ يەر «قاراڭغۇ رەستە» دەپ ئاتالغان.

«قاراڭغۇ رەستە»نىڭ قالغان قىسمىغا ماتاچىلار، پىچاقچىلار، غىلاپچىلار، كىتابپۇرۇچلار، ياپىمچىلار، كىيىم تىككۈچىلەر، شاپاق دوپپا تىككۈچىلەر، قاسساپلار ۋە ساماۋەرچىلەر ئورۇنلاشقانىدى. بۇ رەستىدىكى سودا ـ سېتىق، ئاۋاتچىلىق، يۈكسىلىش چارەك كەم بىر ئەسىر داۋاملاشقان. 1956 ـ يىلى ھېيتگاھنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بولغان كوچا ئىسلاھاتىدا بۇ رەستە پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەشقەرنىڭ ئاۋات رەستىسى بولغان «قاراڭغۇ رەستە» كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئايغىدىكى قالدۇق رەستە «توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرى»نىڭ نامى يەنىلا ساقلانماقتا.

قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدە «ئوردا ئالدى» دېگەن ھەممىگە تونۇشلۇق بىر يەر بار. بۇ يەر ئىلگىرى كەڭرى سەينا بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە چىك سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئۆمەر ھېكىمبەگ 1830 ـ يىلى ياساتقان ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر مەدرىسە بار ئىدى. ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلار ماكانى بولغان بۇ مەدرىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۆمەر ھېكىمبەگ كولاتقان چوڭ بىر كۆل بولۇپ، كىشىلەر بۇ كۆلنى «قوزۇقلۇق كۆل» دەپ ئاتىشاتتى. كۆلنىڭ سۈزۈك ھەم پاكىز سۈيىدىن ئەتراپتىكى كىشىلەر پايدىلىناتتى. سەينانىڭ شىمال تەرىپىدە بىر رەستە بار بولۇپ، جەنۇب تەرىپى ئوردا تېمىغا تۇتاش ئىدى. شۇڭا بۇ كەڭرى سەينانى كىشىلەر «ئوردا ئالدى گۈزىرى» دەپ

ئاتىشاتتى.

كېيىن «ئوردا ئالدى گۈزرى» دېگەن نامدىكى «گۈزرى» سۆزى چۈشۈپ قېلىپ «ئوردا ئالدى» دېگەن نام ئومۇملىشىپ قالغان.

قەشقەر شەھىرىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئورگانلار ئىلگىرى «كونا ئوردا» ، «ئارا ئوردا» دەپ ئاتىلىدىغان جايلاردا ئىش بېجىرىپ كەلگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى زوھورىدىن ھېكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قىلىپ، يېڭىدىن قوشۇلغان تاشقارقى شەھەردە بىر ئوردا ياساتقان ۋە ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئىچكىرىكى شەھەردىكى ئىلگىرى بار بولغان ئوردىدىن يېڭى ياساتقان ئوردىغا يۆتكىگەن ھەم ھازىرقى «كەسكەن يار» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن يول ئېلىپ، ئىككى شەھەرنى تۇتاشتۇرغان.

تاشقارقى شەھەردىكى يېڭى ئوردا ھازىرقى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ دەرۋازىسى جەنۇب تەرەپتە ئىدى. 1864 ـ يىلى بۇ ئوردىنىڭ دەرۋازىسى شىمال تەرەپكە يۆتكەلگەن ۋە ئوردا ئالدىدىكى كەڭرى سەينا «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتالغان. ئوردا دەرۋازىسى كېيىن يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا (جەنۇب تەرەپكە) يۆتكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئوردا ئالدى» دېگەن نام ئۆزگەرمىگەن.

مىلادى 1682 ـ 1692 ـ يىللاردا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇراخقاي كوچىسى بىلەن ئەگلەكچى كوچىسىنىڭ تۇتىشىدىغان ئېغىزىدىكى شەرقىي جەنۇب دوقمۇشىغا بىر دەرۋازا قويۇلغان. بۇدەرۋازا «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتالغان.

بۇ دەرۋازىغا نېمە ئۈچۈن «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئات قويۇلغانلىقى ھەققىدە «ئاپاق غوجا تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

«ئاپاق غوجىنىڭ يارمۇھەممەدباي ئىسىملىك بىر مۇخلىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھەزرەت، قارا ساقال، ئاۋات، بەشكېرەم قاتارلىق جايلاردا ناھايىتى نۇرغۇن يەر ـ زېمىنى، ئۆيى، مال ـ مۈلكى، باغ ـ ۋارانلىرى، چارۋىلىرى بار ئىكەن. بايلىقىنىڭ بېھىسابلىقىدىن 1638 ـ يىلى ھەزرەتتىكى بەش پاتمان(75مو) زېمىنىنى ئاپاق غوجىنىڭ ئاتىسى ھاجىمۇھەممەد يۇسۇپ خوجىغا ھەدىيە قىلغۇەتكەن ئىكەن. يارمۇھەممەدباينىڭ شەھەر ئىچىدىمۇ كاتتا قورۇ ـ جاي، سارايى، دەڭلىرى بار ئىكەن. ياز، كۈز كۈنلىرى يېزىدىكى زېمىنلىرىدىن يىغىۋالغان ئاشلىقنى شەھەر ئىچىگە توشۇپ ئەكىرىشتە تولىمۇ قىيىنلىدىكەن، ئاشلىق، ئوتۇن، سامان بېسىلغان ھارۋىلىرىنى قاراقىر دەرۋازىسى بىلەن ئەكىرمەكتىن باشقا يول يوق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يارمۇھەممەدباي ئاپاق غوجىغا: «ھەزرىتى غوجام، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىنى سەھرادىن توشۇپ ئەكىرىشمىگە يول تولىمۇ مۈشكۈل بولۇۋاتىدۇ، مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلىشىمغا ماڭا بىر ئىلتىپات كۆرسەتكەيلا، سېپىلدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئاچسام، ھارۋا، ئات ـ ئۇلاغلىرىمنى شۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزسەم» دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. يارمۇھەممەدباينىڭ بۇ ئىلتىماسى ئاپاق غوجىغا تولىمۇ خوپ چۈشۈپتۇ. چۈنكى بۇ يەردىن بىر تۆشۈك ئېچىلسا، ئاپاق غوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرىسنى تاۋاپ قىلىشىغا ۋە ئۇ جايدىكى خانىقالىرىنى چۆرۈشكە ئاسانلىق تۇغۇلىدىكەن. ئاپاق غوجا دەرھال ماقۇل بولۇپ، بىر تۆشۈك ئېچىشقا ۋە ئۇنىڭغا دەرۋازا ئورنىتىشقا ئەمىر قىلىپتۇ. قەشقەر خەلقى شۇنىڭدىن بۇيان بۇ دەرۋازىنى ‹تۆشۈك دەرۋازا› دەپ ئاتاپ كەلگەن»

مەنبە: «شىنجاڭ گېزىتى» ـ (20 ـ 11 ـ 2008)

# چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر

ئاپتور: ئابابەكرى ئابدۇرەشىد

قەشقەر ـ ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر .تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك خاقانىيە خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قورۇلغان. خاقانىيە سۇلالىسى ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەر مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان .

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان ـ 11 ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېردىكى ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر » قۇتادغۇ بىلىك» ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى « قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى «نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك. « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە ئىجاد قىلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن.

قەشقەر رايونى قەدىمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نوقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب سودا ئىشلىرىدا مۇھىم بولغان زۆرۈر جاي بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، دۇنيادىكى تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە نام ـ ئاتىقى بار بىر قانچە چوڭ دىن بۇ زېمىندا ئۇچراشقان. شۇ تۈپەيلى چەتئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كىلىشتۇرۇپ » خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى «دەپ سۈپەتلىگەن.

ۋاھالەنكى، سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خىلمۇ ـ خىل ئىچكى ـ تاشقى نىزالار ۋە چوڭ كىچىك يىغىلىقلار تۈپەيلى، قەشقەر تارىختىكى ئۇلۇغ سەلتەنەتنى يوقۇتۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن .ئۇزاق تارىخى جەريان ۋە زور بەدەللەر ئاستىدا يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران قىلىنىپ، ئەمەلدار، بەگ ـ تۆرىلەر نام ـ ئەمەل ۋە مال ـ دۇنيا كويىدا تۈگىمەس جەڭگى ـ جىدەللەر بىلەن بەنت بولغان بولسا، ئاۋام نادانلىق ۋە نامراتلىققا مەھكۇم بولۇپ، قارا تەقدىرنىڭ قۇل قىلىشىغا مۇپتىلا بولغان .قەشقەر جۈملىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇر ئاتالغان خەلق دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، يىتىم ۋە بىكىنمە ھالەتتە ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى.

1876 ـ يىلى رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پرژېۋالسكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ جاھاندىن بىخەۋەر ھالەتتىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئۇ قومۇشتىن ياسالغان ساتمىلاردا بەخىرامان ياشايدىغان، بېلىقچىلىق ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، سىرتقى دۇنيا بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ : »بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا نامرات بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھى دۇنيا ۋە مەنىۋىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ ـ سېزىمى پەقەت ئەتراپىدىكى تار مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىدىكەن، سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق

تەسراتى ۋە چۈشەنچىسى يوق ئىكەن. قىپىق، قارماق، تور، بېلىق، قومۇش ۋە چەكسىز قۇملۇق ... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئىكەن. بۇنداق بىكىك مۇھىت ئىچىدىكى تىمتاس ھايات ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدىكەن .ئۇلار توغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان ئارلىقتا كۆز ئالدىدىكى قومۇشلۇق كۆلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىد باغلىمايدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن .نامراتلىق، ئاچ ـ زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز رەۋىشتە كۆرەش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل جاھىللىق، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سۈكۈت ۋە ئۆتكەن كۈنىگە شۈكۈر قىلىش پىسخىكىسى شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ سۇلغۇن چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇمنى كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىكەن»(2.(

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ زور تۈركۈمدىكى چەتئەللىك سەييالار

ئۇزاق ۋاقت بىكىنمە ھالەتتە دۇنيادىن خالى قالغان مەركىزى ئاسىيا رايونىغا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىغا زور قىزىقىش ئىچىدە نەزىرىنى تىكتى. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كىلىپ، قۇم ئاستىغا غەرق بولۇپ ئىزدېرەكسىز غايىپ بولغان قەدىمكى مەدەنىيە ئىزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سىرلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك ئېكىسپېدىتسىيە ئېلىپ بىرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە باشلىدى .ھالبۇكى، »مەركىزى ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ياۋرۇپاغا بەرگەن تۇنجى تەسراتى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەتلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقى ئىدى. مانا بۇ ياۋرۇپا دەۋر پاراۋۇزىنى ھەيدەپ ئالغا كەتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر قالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنىشى ئىدى. بۇ يەردە تارىخ گوْيا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك، ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنىڭ بۇ يەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىرخىل دۇملەنمە ھالەتتىكى بۇرۇقتۇرما كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.(3)«

دەرۋەقە، چەتئەللىك سەييالار تارىم قوۋۇقىنى چېكىشتىن ئىلگىرى، بۇ مۇقەددەس دىيارلار ئۇلارنىڭ

نەزىرىدە كىلىش بەسى مۇشكۈل بولغان، ياتلار تولىمۇ ئاز قەدەم باسقان ياكى قەدەم بېسىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىكىك بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا يارتىلغان پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيتى يىپەك يولىنىڭ خارابىلىششى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئەينى دەۋردە بارچە ئەل كىشىلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان بۇ سېخى زىمىننىڭ قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئاۋات مەنزىرىسى ئەبەدىي يوقالغان ئىدى.

قەشقەر تارىمنىڭ يۈرىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىمنىڭ

غېرىپلىقى، بىكىكلىكىدىن مۇستەسنا بولالمىدى .سەييالار كارۋانلىرى قەدىمنىڭ يېتىشى بىلەن تارىختىكى سەلتەنەتىنى يوقاتقان، ئۇنتۇلغان «قەدىمى ماكان ــ«قەشقەرنى كىشىلەر قايتىدىن ئەسكە ئېلىشتى. ئاز بولمىغان سەييالار، تەۋەككۈلچىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، جاھانكەزدىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ مۇقەددەس زىمىنغا قەدەم باستى. قەشقەر بەزىدە تەۋەككۈلچىلەرنىڭ تەلەي سىناش مەيدانى بولسا، بەزىدە « ئەجنەبىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى» بولدى، يەنە بەزىدە رەقىبلەرنىڭ تىركىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. ھەرخىل كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. چەتئەللىك سەييالار بۇ دىيارنى تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە مۇھىم بولغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. سەييالارنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ئەڭ دەسلەپتە ئىتالىيلىك ساياھەتچى ماركوپولودىن باشلانغان بولسا، چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، روبىرت شاۋ، سۋېن ھېدىن، كاتارىن ماكارتىنىي، گۇننار يارىڭ، نوشرۋان يائوشېۋ... قاتارلىقلارمۇ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە قەشقەر سەپىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قەشقەر تارىخى،

سىياسى ـ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ۋە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى. . .قاتارلىق جەھەتلەردىن خېلى ئەتراپلىق تونۇش ـ تەسراتقا ئىگە بولغان ئىدى.

سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى قەشقەرنىڭ بايانى

1271 ـ يىلى ئىتالىيىلىك ماركوپولو ۋېنىتسىيىدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ـ 1275 يىلى 5 ـ ئايدا قوبلەي خاننىڭ ئوردىسى خانبالىق) بېيجىڭ (قا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇيەردە بىرقانچە يىللار تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھرى ۋە ئاھالىسىنىڭ سودا ـ تىجارىتى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاخىر بىز قەشقەر (kashgar,kashcar) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا بىر مۇستەقىل پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەن. لېكىن ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئېلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر ـ راباتلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلىرى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن.ئۇلار سودا ـ تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققى قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن. بۇلارنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئەمما بۇ ئەلنىڭ خەلقى پاكىزلىققا بەكمۇ رىئايە قىلمايدىغان بولغاچقا، پاسكىنچىلىقتا بەكمۇ بىچارە ئىكەن. ئۇزۇقلۇقى بەكمۇ يېرىك، ئىچىملىكلىرى بەكمۇ سۈپەتسىز ناچار ئىكەن. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نىستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئۇمۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن.» (4) مانا بۇ بۇنىڭدىن سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى بىر چەتئەللىك نەزىرىدىكى قەشقەرنىڭ بايانى، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى، تىرىكچىلىك ئەھۋالى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ كارتىنىسى.

رۇسىيىلىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر

ماركوپولودىن كېيىن، پۈتكۈل ياۋرۇپا ئەللىرىگە ناتونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكانىنى قايتىدىن ياۋرۇپاغا تونۇتقان تۇنجى ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوف ئىدى.

چوقان ۋەلىخانوف XIX ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، روسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبېرناتورلۇقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1856 ـ يىلى ـ 5 ئايدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تيانشانىسكى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 18 ـ 56يىلى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غولجىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ « چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غولجا شەھرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋاپپىقىيىتى ئۇنىڭ 1858 ـ يىلدىن ـ 1859 يىلغىچە بولغان ئارلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان«،» تەزكىرەئى خوجىگان«،» تەزكىرەئى توغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇمۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇسۇملۈك ئەرۋىشكىلىرىنى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن» قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

چوقان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن قەشقەرگە كەلگەن تۇنجى سەيياھ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنىڭ توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن نىسبەتەن تونۇش بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قەشقەر توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياقىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ ئىقلىمىنى «ئادەمگە يېقىشلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق، ياتلارنىمۇ يەكلىمەيدۇ .قىش پەسلى قىسقا، تۇزۇك قار ياغمايدۇ»(5) دەپ تەرىپلەيدۇ. چوقان ۋەلىخانوف ئەينى دەۋردىكى ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى ۋە ئۇلارنىڭ مىللى كىملىكىنى ئىپادىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار يۇرت ناملىرى ۋە باشقا بەزى ناملار بىلەن ئاتىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامى ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيتتى .ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «كىچىك بۇخارا (ئالتە شەھەر (نىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ .مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار) چەنتۇ ياكى قالماق، دەپ ئاتىشىدۇ .ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسى ئاھالىسى تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ، خاراكتېرى ۋە روھىي ـ روھىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت.» (6) چوقان ساياھىتى جەريانىدا، ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادىمىيلىكى، كىشىلىك پەزىلىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ھەم بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئامبال ـ بەگلىرى ئۇلارنى گومانخور، يالغانچى، ھورۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ .ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس، ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس ـ تۈگمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىۋاتىدۇ .لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئاقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى .ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئۇچۇق ـ يۇرۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە ـ يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە ـ يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە ـ يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.» (7)

قەشقەر خاقانىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىش مەركىزى بولغانىدى. ھالبۇكى، چوقان بۇ يەرلەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئىسلام يوسۇنلىرىنىڭ باشقا جايلار ( قوقان ۋە بۇخارالار (بىلەن خېلى روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە ـ يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان . ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازاتلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نوقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ»(8) دەيدۇ. چوقاننىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئاياللار ئەركىنلىكى «دېگەندە، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىششى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ بۇھەقتە توختۇلۇپ،» ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يوقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765 ـ يىلى يەكەندە تۇزۇملەرنى چىگىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكىمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ»(9) دەيدۇ ھەمدە ئەمىلى مىساللارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەن چەتئەللىكلەر ياكى چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر دىگەن بۇ تېمىدا توختالغاندا، XIXئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيىدە ياشاپ ئۆتكەن «مەشھۇر كېڭەيمىچىلەرنىڭ بىرى»(10)، روسىيىلىك يەنە بىر سەيياھ ئا .ن.كوروپاتكىننى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس دەپ قارايمىز. 1876 ـ يىلى مايدا تۈركىستاننىڭ باش ۋالىسى، ياساۋۇل گېنېرال ۋون. كائۇفمان (Von Kaufmann) ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن پەرغانە ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسنى يېڭىباشتىن ئايرىپ بەلگىلەپ چىقىش ئۈستىدە ياقۇپبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگىنى تۇنجى قېتىم قەشقەرىيەگە ئەۋەتىدۇ. كوروپاتكىن بۇ ھەقتە مونۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. مېنىڭ ئاكام، توپچى قىسمىنىڭ كاپىتانى ن. كوروپاتكىن (N.Kroopatkin) ۋە لېيتېنانت ن.ستارتسىيېۋ (N.Startseff) بىلەن ئا .سونارگولوۋ (A.Soonargoolooff)لارمۇ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن سىرت بىزگە ساقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە 15 كازاك ئەسكەر ئاجرىتىپ بېرىلدى.» (11(

كوروپاتكىن گەرچە» قەشقەرىيە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى >قەشقەرىيە <جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنى كۆرسىتەتتى، شۇ سەۋەپتىن پۈتۈن كىتابتا قەشقەر نامى ئاتىلىپ بېرىلگەن بايانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەر شەكلى، رايونلار ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ .ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ يەرلىرى شور تۇپراقلىق، پەقەت بوستانلىقلارلا مۇنبەت كېلىدۇ. قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ قوملۇق چۆل بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قوملۇقلار ئاز. بۇ جايلاردا ئېدىرلىق شەكلىنى ئالغان قۇملۇقلارنى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىش مۇمكىن. تاغ باغرىدىكى يەرلەر شېغىل تاشلىق سايلاردۇر» (12) «.ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك مەھەللىلەر بار .قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەمەن، توققۇزاق، قوغان، قاراقىر، بەشكىرەم، ئاۋات، قىزىلبۇي، ياندۇرما، باي توقاي، قوشئاۋات، پەيزىئاۋات، كوپسەڭگى، تۇپراقلىق، قارا باغ، پاراچ، بورا ختاي، ناچۇق، دۆلەتباغ ۋە قىزىل دۆۋە قاتارلىقلار بار.» (13) ئۇنىڭدىن باشقا، كوروپاتكىن يازمىسىدا («قەشقەرىيە» دە) قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھەرساھە ئەھۋالىغا ئالاقىدار خېلى كۆپ ئۇچۇرلار بار.

## تەۋەككۇلچى ئىنگىلىزلار ۋە چىنباغدىكى كونسۇل خانىملىرىنىڭ قەشقەر تەسراتى

XIXئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشى ۋە پامىر رايونىغا تەدرىجىي يېقىنلاپ كېلىشى ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلايدۇ .شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق برىتانىيە ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىغا زور تۈركۈمدىكى ئېكىسپېدىتسىيىچى ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتىدۇ. شۇ مەزگىللەردىكى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن يارۇۋپا ئەللىرىگە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇر بەرگۈچى ئەنگىلىيىلىك روبېرت شاۋ ۋە ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەكەن ھەققىدە يازغان «ئەنگىلىيىلىك بىر سودىگەرنىڭ تەۋەككۇكچىلىك خاتىرىسى»14دىگەن كىتابىدۇر.

1868 ـ يىلى 20 ـ سىنتەبىردە ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن ئەنگىلىيىلىك چاي سودىگىرى ئەنگىلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، لاداق رايونىدىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق ئويمانلىق___ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى يەركەن ۋە قەشقەرگە بېرىش ئىدى .بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقوپ بەگ تارىم ۋادىسىنى

ئىگەللەپ، بۇ يەرلەرنىڭ ۋاقتلىق ھۆكۈمرانىغا ئايلاغانىدى .روبېرت شاۋ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ياقۇپ بەگ بىلەن ئۈچ قىتىم كۆرۈشىدۇ. شۇنداقلا بىر مەزگىل ئۇنىڭ نەزەربەندى ئاستىدا تۇرىدۇ.

شاۋنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى سىياسىي مۇددىئانى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىتابىدا ئاساسەن ياقۇب بەگ ئوردىسىدىكى ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى كۆپلەپ بايان قىلغان. قەشقەر ۋە خەلق تۇرمىشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ .ئۇ ئەينى دەۋردىكى ھېيت ھارپىسى ۋە قۇربان ھېيت ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ مونۇلارنى يازىدۇ: «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن داقا ـ دۈمباق ساداسى ئىچىدە ئەتە ھېيت ئىكەنلىكى جاكارلاندى .بەزىلەر بۇ ئۆيگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە تۇياق قوي ۋە ئىككى تۆگە ئەپ كىلىشتى. تەرجىمانىم بۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر قوشقارغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئالاھىدە ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش كىرەك ئىدى (15) «.ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ» :بۈگۈن قۇربانلىق بايرىمى، قەشقەرلىكلەر ئۇنى « ھېيت « دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغان كۈننى خاتىرلەش يۈزىسىدىندۇر.تاڭ سۈزۈلگەندە تۆت پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلدى، ئارقىدىن يەنە تۆت پاي ئېتىلدى .تەرجىمانىمنىڭ ئېيتىشىچە، 6000 ـ 5000دەك كىشى بىر يەرگە توپلىشىپ ئىبادەت قىلىپتۇ، ئىبادەتكە ياقۇپ بەگمۇ قاتنىشىپتۇدەك(16) «.

1869 ـ يىلى سىنتەبىرگە كەلگەندە، روبېرت شاۋ ياقۇپ بەگنىڭ نەزەربەند قىلىشىدىن خالاس بولۇپ، يەكەنگە قايتىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر ھەققىدە توختۇلۇپ، « يەنە بىر توپ ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار بېشىغا قارا گىرۋەكلىك دوپپا كىيىگەن، ئاق ياغلىق چەككەنىدى. تۇرالغۇمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار چۈمبەلنى چۈشۈرۈپ يۈزلىرىنى يۆگىۋەتتى. مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشلەر ۋە بەگ ـ تۆرىلەر ئۆتكەندە بولسا، قول قورۇشتۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ، < ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم > دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار مىنىڭ ئىمانسىزلىقىمدىن ئەسلا شۈبھىلەنمىدى .ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە كىيىۋالغان تونۇم ۋە بېشىمغا ئورىۋالغان سەللەمگە قاراپ، تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ تونىدى. سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئايغى ئۆزۈلمەيتتى :بەگلەر ئىسىل كىمخاپ تونلارنى كىيىپ، بەللىرىگە كۈمۈش زەيلىك بەلباغلارنى تاقاپ، شەمشەر ئېسىپ، مۆرىلىرىدە مىلتىق كۆتۈرىۋالاتتى. موللىلار ئۈستىگە سىدام تون، بېشىغا يوغان سەللە كىيەتتى .ئۆتۈك كىيىۋالغان ھارۋاكەشلەر خوجايىنلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ئايالندۇراتتى ياكى سۇغۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرىنى مىنىۋالسا، يەنە بىرىنى يېتىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، سەللىنى كۆزىگىچە يۆگىگەنىدى. ئۇلار ئەنگىلىينىڭ ھارۋىكەشلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كىتەتتى.» (17) دەپ يازىدۇ.

شاۋدىن كېيىن قەشقەرگە كىرگەن ئەنگىلىيلىك يەنە بىر ئېكسپېدىتسىيىچى، روبىرت شاۋنىڭ جىيەنى ياڭخازبەند بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئەنگلىيلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەملىيەتتە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيىدىكى ساندخۇرست مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 19 يېشىدا ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن .ئۇ ئەنگىلىكلەر ۋە رۇسىيلىكلەرنىڭ شىنجاڭ، پامىر ۋە قاراقۇرۇم ئېغىزىدىكى ھوقۇق تالىشىش ۋە كۈچ سېلىشتۇرۇش كۈرىشىدە ئاساسلىق رول ئۇينىغان كىشى.

ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، موڭغۇل دالىسى، تارىم ۋادىلىرىنى بويلاپ كەشمىرگىچە بولغان بىر قېتىملىق ئۇزۇن ۋە مۈشكۈل قۇملۇق سەپىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. 1890 ـ يىلى 1 ـ نويابىرغا كەلگەندە، ياڭخازبەند قەشقەرگە قايتىپ كىلىدۇ. ئۇ قەشقەر توغرىسىدا: «مەمۇرى ۋەزىپەم مېنىڭ پۈتۈن بىر قىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ» (18) دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ مەمۇرى ۋەزىپىسى ئامال قىلىپ ئەينى چاغدىكى رۇسىينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى .ئۇ قەشقەردىكى مەزگىلىدە شۋېتسىيلىك سۋېن ھېدىن، فرانسىيلىك رىنسلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ شۇنداقلا ماكارتنىي، ھىندىركس قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ.

يېقىنقى دەۋر ئەنگلىيە تارىخىدا، بولۇپمۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخىدا قەشقەر ناھايىتى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئايلانغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستاننى بېسىۋېلىشى، چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بارغانسىرى كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۈنسېرى جەنۇبقا قىستاپ كىلىشى بۇ ئىككى كېڭەيمىچى دۆلەتنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى .شىنجاڭ جۇملىدىن قەشقەر دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى تىركىشىش ۋە كۈچ سېلىشتۇررۇش ئورنى بولۇپ قالدى. رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادەملىرىنى بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىر دائىرسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەتمەكچى بولدى. رۇسىيە تەرەپ داڭلىق دىپلوماتلىرىنىڭ بىرى بولغان پېترووۋسكىينى قەشقەردىكى باش كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن بولسا، برىتانىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان گېئورگىي ماكارتىنىينى باش كونسۇللۇققا تاللاپ ئەۋەتىدۇ.

ماكارتنىي ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نوقتىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۈنجى ئەمەلدار. 1890 ـ يىلى 28 ياشلىق ماكارتنىي ئۆزىنىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ياڭخازبەند بىلەن بىرگە قەشقەرگە كەلگەن. «ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئاشكارە ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانخورلار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشكارە قىلمايدىغان ۋەزىپىسى رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سىيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ پېترووۋسكىيدەك ھىيلىگەرنىڭ سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى .ماكارتنىي قەشقەرگە بارغان چاغدا، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېترووۋسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى».(19(

1898 ـ يىلى ماكارتنىي رۇخسەت بىلەن ئەنگلىيىگە دەم ئېلىشقا بارىدۇ ھەم قايتىشىدا ئايالى كاتارىن ماكارتنىينى بىرگە ئېلىپ كىلىدۇ .گەرچە بىز گېئورگىي ماكارتنىينىڭ قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن ئانچە كۆپ خەۋەردار بولمىساقمۇ، ماكارتنىي خانىمنىڭ قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دىگەن ئەسىرى بىزنى ئەينى دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ماكارتنىي خانىم قەشقەردە 17 يەتتە يىل تۇرۇش جەريانىدا قەشقەر ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەر ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازارلاردا چەتئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنتايىن بايلارلا ئېسىل كىينگەننى ھسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كۆندىلىك بويۇملار تېپىلمايتتى. قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ .بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كېيىنىشى، يمەك ـ ئىچمكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئەجداتلىرىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى.» (20 (ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرسىدا ئەتراپى تۇپا تام بىلەن ئورالغان ئۈچ بۇرجەكلىك بىر پارچە يەر بولۇپ، رۇس شەكلىدىكى كرېست قادالغانىدى. بۇ رۇسىيلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. قەبرىستانلىق كەينىدە قەشقەر دەرياسى__ قىزىل دەرياسىنى كۆردۈم .دەريا بويىدا بەزىلىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىردا تۇرۇپ بىر مۇنچە ئات سۇ ئىچىۋاتاتتى. قىپيالىڭاچ باللار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىۋالغانىدى. بۇ تۇغما يالىڭاچ باللار ئات ئۈستىدا قانداق ئولتۇرۋاتقاندۇ؟ ماڭا نىسبەتەن بۇبىر مۆجىزە ئىدى: ئۇلار مىنگەن ئاتلىرىنىڭ بوينىغا ئارغامچا باغلىۋالغان، ئاتلار ئۇلارغا بويسۇناتتى، ئۇلار بولسا ئات ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى !دەريا بويىدا يەنە ئېشەكلەرگە ئارتىلغان سوغىلار، چىلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئەرلەر، ئوغۇل باللار بار ئىدى .ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. قىزىل دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا بوياقچىلار بويىغان ماتالارنى دەريا سۈيىدە چايقايتتى. قىزىل رەڭدە بويالغان ماتالار چىرايلىق، ئوچۇق رەڭ ئالغانىدى .ئۇلار قارا رەڭدە ئېچىلغان لەيلە گۈلنى بوياق ماتېرىيالى قىلاتتى (21) «.مانا بۇلار شۇ دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ

قىسمەن كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر قىسىم تېرىكچىلىك يوللىرىنىڭ جانلىق سۈرەتلىنىشى.

قەشقەر يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئۆتىشىش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇ هال قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ ناهايىتى روشەن بولۇپ، رۇسلار، ئىنگلىزلار، شۋېتلار ۋە باشقا مىللەتلەر بۇ يەردە هەدەپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى بازارغا سالغان هەمدە ئىدىيە، مەپكۇرىلىرىنى تەرغىپ قىلىپ، يەرلىك خەلققە تەسىر كۆرسەتمەكچى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. شۇنداقلا بەزى ئەملى ئۈنۈملەرگىمۇ ئېرىشكەن .ماكارتنىي خانىمنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن بۇ نوقتىنى مەلۇم دەرىجىدە هىس قىلالايمىز. «قەشقەرگە كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىلاد بايرىمى بولدى. بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن باغاق تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇلار بىزنى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانىكەن ( رۇسىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىزدىن 13 كۈن كېيىن ئىكەن). ئۇ يەردە بىز باشقىلار بىلەن بىرگە ئارچىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، ناخشىنى هەركىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىمغا نەزەر سالسام، كىشىلەر رۇسچە، ئىنگلىزچە، شۋېتچە، فرانسۇزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، هىندىچە، پارىسچە سۆزلىشىۋېتىپتۇ (22) «.ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىرقى ئالاهىدىلىكى، بەدەن قۇرۇلىشى ۋە تەققى ـ تۇقى، چىراي ـ شەكلىمۇ بۇ كونسۇل خانىمنىڭ ئالاهىدە دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ بۇ هەقتىكى تەسىراتىنى « قەشقەر كىشىلىرىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىراي ـ رۇخسارى هەم خىلمۇ ـ خىل .يارۋۇپالىقلارغا خاس ئالاهىدە بەلگىلەر ئاز ـ تولا بار. ئەر ـ ئاياللار قاۋۇل، بەستىلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئىسىل سۈپەتلىك چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل؛ ياندىن قاراشقا ئافغانلارنىڭ يۈز كۆپتى سۈزۈق ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى؛ يەنە هىندى دىنىدىكى ۋە مۇسۇلمان دىنىدىكى هىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى .ئۇلار ئارىيان قېنىدىكىلەر بولىشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە دەپ بېرەلمەيدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، كىشلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىششى خېلىلا ئېغىر. بۇ يەردىكى قىز ـ چوكانلار ناهايىتى چىرايلىق، جەزىبىلىك، بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەك كېلىشكەن .بولۇپمۇ ئورا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل ـ قىزلار ناهايىتى گۈزەل. ئۇلار دۇخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ»(23) دەپ يازىدۇ.

ماكارتنىي خانىمنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەر توغرىسىدىكى تەسىرات ۋە تونۇشلىرىنى تولۇقى بىلەن بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىشقا مۇمكىنچىلىكىمىز يار بەرمەيدۇ، بىراق بىز تۆۋەندىكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىسقىغىنا بىر قانچە جۈملە تەسراتىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتۈش ۋە ئۇ هەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرىيتى بار دەپ قارايمىز: «بۇ ئادەملەرنىڭ ) قەشقەرلىكلەرنى دىمەكچى (قولىقى يۇمشاق، باشقۇرۇش ئاسان، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق، ياخشى تەرەپلىرىمۇ يوق.» (2(4

گېئورگىي ماكارتنىيدىن كېيىنمۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە كونسۇل كىلىپ، قەشقەردىكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئەهۋالىنى كۆزەتتى ۋە ئەنگلىيگە قارام هىندىستان هۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكىئىمتىيازلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى» .ماكارتنىي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ئەمەلدارى بولغان بولسا، سىپتون چىنباغدىكى كونسۇلخانىنى تاقىغۇچى بولدى.» (25 ـ 1947 (يىلى هىندىستان مۇستەقىل بولدى. هىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى هىمايىسىز بىر ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

سىپتون قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىدا خانىمى دىئاننانىمۇ بىرگە ئېلىپ كىلىدۇ .دىئاننا خۇددى كاتارىن بىلەن بەسلەشكەندەك، قەلىمىنى سەپەرگە قەدەم بېسىش بىلەن تەڭلا ئىشقا سالىدۇ. مەقسەتسىز بولسىمۇ سىپتون ئەر ـ ئايال ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، پامىر، قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە يېرىشتەك يېڭى يولنى تاللىۋالىدۇ (26) «.بۇ قەدىمى ماكاننىڭ ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەسلەپكى ئەهۋاللىرىنى كاتارىن ئەسلىمە قىلغان بولسا، كېيىنكى ئەهۋاللىرىنى دىئاننا يېزىپ قالدۇرىدۇ .ئۇ ئەينى دەۋر

قەشقەر كىشىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ماكانى ئىدى. ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان ئاياللار؛ ئۇزۇن ساقاللىق، يۈزى سۇزۇك، كىلىشكەن ئەرلە( ئۇلارنىڭ تىرىسى ئادەم ھاڭ-تاڭ قالغۇدەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى)؛ ئۇياندىن-بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئېشەكلەر؛ غىچىرلىغان مەپىلەر ياكى يارى-يار ھارۋىلار ( ئۇلارنىڭ چاقىنىڭ يوغانلىقى ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى)؛ چىرايلىق توقۇلغان ئاتلار، بوينىغا ئېسىلغان كىچىككىنە كولدۇرمىلار ۋە پۇلاڭلاپ تۇرغان پۈپۈكلەر؛ چاچلىرىنى نۇرغۇن كىچىك ئۆرۈم قىلىپ ئۆرگەن دوپپا كىيگەن قىزلار ۋە قىزچاقلار؛ ئاندا-ساندا مۈڭلۈق نەي چېلىپ ئۆتكەن ئوغۇل باللار؛ يول بويىدا قوغۇن-تاۋۇز سېتىشىۋاتقان باققاللار ___مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلاتتى (27) «.بۇ بايانلار تولىمۇ ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قەشقەرنىڭ ئەشۇ قايناق، جۇشقۇن مەنزىسى نامايان بولۇپ، خىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىدە بۇ قەدىمى ماكانىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىگە قەدەم تاشلايدۇ.

دىئاننا سىپتونمۇ خۇددى كاتارىن ماكارتىنىيغا ئوخشاش ئەسرىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پىسخىكىسىغا دىئاگنوز قويۇپ مۇنداق يازىدۇ» :قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ھۇرۇن، چېچىلاڭغۇ، ئەمما تىنىچ، ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بىرى مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنىكەن. ھازىر شۇنداق تىنىچ ياشاۋېتىپتۇ .شۇڭا، ئۇلاردا ئېسكىموسلاردەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق، پاردانلاردەك ئۇرۇشخومار مىجەزنىمۇ يېتىلدۇرمىگەنىدى .ئۇلاردا تىبەتلىكلەردەك جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك، كەشمىرلىكلەردەك قولى گۈل، چىۋەرلىكتىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھەرقانداق بىر جايدىكى ئاددى-ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستانە، مېھماندوست. ئۇلار ئاددىيسى بىرەر لەتىپىنىمۇ سىز بىلەن تەڭ بەھىر ئېلىشنى خالايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ يالقاۋلىقى جانغا تېگەتتى. قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى .ۋەھالەنكى، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا، ئۇلار شۇنچىلىك جەلپكار، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى.» (28) بۇ قەشقەرلىكلەرگە بېرىلگەن ئانچە ئىلمىي ۋە دەل باھا بولمىسىمۇ، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك دەپ تەرىپلىنىشكە مۇيەسسەر بولغان غەرب دۇنياسىدىن كەلگەن بىر ئايالنىڭ قەشقەرلىكلەر ھەققىدىكى سەمىمىي ۋە چىن ئىنكاسى ئىدى.

ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى ھېدىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ > يارى <قەشقەردە

XIX ئەسرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز بولمىغان شۋېتلار: ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، مىسسىئونىرلار ئارقا-ئارقىدىن تارىم ۋادىسىغا، جۈملىدىن قەشقەر رايونىغا كىلىپ، مىسسىئونىرلار ئىدىلوگىيە ساھاسىدە ئۆزگەرتىش ھەركىتىنى قوزغىغان بولسا، تەۋەككۈلچى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تارىمنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى قاتتىق چېكىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، تىل ۋە ئارخىلوگىيە تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .بەش قېتىملىق ئوتتۇر ئاسىيا سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى سۋېن ھېدىن ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سۋېن ھېدىن 1896-يىلى تۇنجى قېتىم سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ،ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدان كەنتىگە كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1-934يىلىغىچە ئىلگىرى -ئاخىرى بەش قېتىم بۇ رايونغا ئېكسپېدېتسىيە سەپىرى قىلدۇ .لوپنۇردىكى قەدىمى كروران شەھەر خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ھېدىنىنىڭ ئەشۇ تەۋەككۈلچىلىكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

1890 - يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچ نەپەر خىزمەتكار ۋە رۇسىيە ئوفىتسىرىنىڭ ياردىمىدا بوران-چاپقۇنغا قارىماي ئوشىدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ .نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 14-دىكابىر قەشقەرگە يېتىپ كىلىدۇ. بۇ كۈن ھېدىن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: -14»دىكابىر، ھېدىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدا خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان مەشھۇر تارىخى مەدەنىيەتلىك شەھەر ___قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.» (29) سۋېن ھېدىن بۇ ھەقتە مۇنداق

يازىدۇ: « ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق. مۇھەممەت ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى. 21 ـ كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر__ سۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىدى.» (30) گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ قەشقەر ھەققىدە ئىيتقانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ۋە ئىزدىنىش روھى بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

قەشقەر ھەققىدە زور ئىلمىي ئەمگەك مۇئەللىرىنى روياپقا چىقارغان، قەشقەر خەلقى بىلەن چوڭقۇر رىشتە ئورناتقان شىۋىتسىيلىك يەنە بىر مەشھۇر زات گۇننار يارىڭدۇر. ئۇ 1929 ـ يىلى ۋە ـ 1978 يىلى قەشقەرگە ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ جەريانلاردا چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىل ـ ئەدەبىياتى قاتارلىقلارغا ئائىت بىر قانچە پارچە ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابى قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان ئەسرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە ئالاقىدار ناھايىتى مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

گۇننار يارىڭنىڭ، يۇقاردا ئېيتقىنىمىزدەك قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەرگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « 19 ـ 29يىلى قەشقەرگە كىلىپ خۇددى ھارىزقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە > __ملك بىر كېچە <نى فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم .بۇ يەردە يا ئاپتومبىل، يا موتسكىلت يوق ئىدى. ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى .بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلكتىر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا ـ كاتىبلار چازا قورۇپ ئولتۇرۇپ، قولىيازمىلارنى ئەرەپ ھەرپى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى. ھەممىلا يەردە لىق سۇ قاچىلانغان تولۇم ـ چاناشلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تارچۇق كوچىلاردا ھەر مىللەت كىشلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىپ ئېگەرلەنگەن پوزور ئاتلارغا مېنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشلەر توپىنى يېرىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى .قول ـ ئىلكىدە پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى، ھالبۇكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.» (31) گۇننار يارىڭ بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر ھىسلارغا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن، ھېچ كىشى تەرىپىدىن تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ» :كىشلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇزاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زاماننىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى .ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغاندى. ئۇيەردىكى بازارلارنى ئەشۇ تۇرمۇشنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھاياتنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغاندى.» (32)

قەشقەر ئۇيغۇرلانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى .قەشقەرلىكلەر سودىغا تولىمۇ ماھىر، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەندە مۇئەييەن سودا ئېڭى شەكىللەنگەن بولۇپ، سودىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ. گۇننار يارىڭ قەشقەر بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « قەشقەربازارلىرىدىكى تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە دوكانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۇكاندارلار خېرىدار كۈتۈپ يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ۋاقىراپ خېرىدار چاقىرمايدۇ . ۋاقىراپ ـ جاقىرايدىغانلار كوچىلاردىكى مۇقىم دۇكىنى يوق ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى دۇكاندارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. قەشقەر بازارلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولىدۇ، دۇكاندار خېرىدارغا شۇنداق بىر قاراپلا خېرىدارنىڭ قانداق ئىقتىسادى مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دىتلاپ بولىدۇ ـ دە، كېيىن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ـ ئاسان ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. مانا بۇلار مالغا دەسلەپ باھا قويۇش دائىرسىنى بەلگىلەيدۇ. كەينىدىنلا يەنە بىردەم باھا تالىشىش بولىدۇ. بۇ سودىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ پەيدىنپەيي قىزىتىشتىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت. بازاردا ھەربىر كەسىپ ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ

مۇقىم ئورنى بولىدۇ .توقولما بويۇملار ۋە گىلەم بازىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن مىسكەر بازىرىدىكى تاراڭ ـ تۇرۇڭ
قىلغان سادالار روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ.» (33)

1978 ـ يىلى ـ 9 ئايدا گۇننار يارىڭ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى تەسراتى
ئاۋالقى تەسراتى بىلەن خېلى زور پەرققە ئىگە ئىدى .ئۇ بۇ ھەقتە مونۇلارنى يازىدۇ» :مەن بۇ نۆۋەت قەشقەرگە
كېلىپ، بۇنىڭ ـ 1930 ـ 1929 يىللىرى ئېسىمدە قالغان قەشقەردىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھىس
قىلدىم، ئەمما يېز ـ قىشلاقلارنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمدىكى مەنزىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى ....
ۋەھالەنكى قەدىمي كوچىلار خىيالىي تۇسكە ئايلانغان بولۇپ، قەدىمي قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى
ئۆزىنىڭ كونا تۇسىنى يوقاتقان ئىدى. كوچىلاردا بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن موللىلار كۆرۈنمەيتتى.
ئېسىمدا قېلىشىچە، سەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش ـ قۇرامىنى، ئىلمىنى ۋە مەرتىۋىسىنى
بىلدۈرەتتى. ئېشەككە مىنىپ تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ >posh _ posh < دەپ ۋاقىرغان ئاۋازى
ئەمدى ئاڭلانمايتتى، ئەكسىچە ئاپتومبىللارنىڭ < دۇت،دۇت >قىلغان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. بۇ يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا ( bermak signal سىگنال بەرمەك (ياكى ) tat _ tat qilmaq تات ـ تات
قىلماق) دېيىلىدۇ .بۇنىڭدىن ئەللىك يىل ئالدىدا بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى .ئىلگىرىكىدەك كۆپ تۆگىلەرمۇ
كۆرۈنمەيتتى(34) «.

گۇننار يارىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئارىپى، يېزا ـ ئىگىلىگى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز
قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ سانائىتى توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق يازىدۇ » :
بۇنىڭدىن 50 يىل بورۇن قەشقەردە سانائەت يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بارلىق
جايلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلاق كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى
ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى ۋە ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى ئارقىلق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا
قىسمىدىكى جايلاردىن بارلىق نەرسىلەر تۆگە كارۋىنى ئارقىلق توشۇپ كېلىنەتتى .بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن ئىدى. قەشقەر تېخى مۇھىم سانائەت مەركىزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ نىشانغا
قاراپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى.» (35)

دەرۋەقە، گۇننار يارىڭنىڭ قەشقەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى .ئۇ
ئۆزىنىڭ بىر پارچە قولىيازمىسىدا فامىلىسى بولغان < يارىڭ >دېگەن شۆيتچە سۆزنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ
چۈشەندۈرۈپ: « مەن 1929 ـ 1930 ـ يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ۋە 1935 ـ يىلى سىرناگاردىكى
ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەندىن ;> :ھۆرمەتلىك
ساھىب، سىزنىڭ [ يارىڭ ]دېگەن ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسى نىمە؟ >دەپ سورىغانىدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا
شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرچىدۇر .مەنىسى [ مەن سىنىڭ يارىڭلار] !دېگەنلىكتۇر >دەپ
جاۋاپ بەرگەنلىكىم ھېلىمۇ ئىسىمدە. ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەي < :شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ
مەنىلىك ئىسمىكەن .توۋا! شۆيدىيە تەرەپتىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىسىم قويىدىغىنىنى بىلمەيدىكەنمىز >دەپ
ساقاللىرىنى سىلاشقانىدى .ئەمەلىيەتتە< يارىڭ >دېگەن بۇ ئىسىم شۆيتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى
ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ فامىلەم ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ھالىتىدە < سىنىڭ يارىڭ >مەننى بىلدۈرىدىغان < يارىڭ >دېگەن سۆز بىلەن
دەل چۈشكەنىدى .شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەردائىم ئويلىغىنىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن < مەن سىلەرنىڭ
يارىڭلار ___< !دېگۈم كېلىدۇ»(36 (دەپ يازىدۇ.

قېرىنداشلار نەزىرىدىكى قەشقەر

قەشقەرگە كەلگەن سەيياھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ياۋرۇپالىق، يەنە كېلىپ قەشقەرنىڭ
تارىخى، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان، يەرلىكنىڭ تىلىنى
چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا بولسۇن ياكى شۇ يەردە ياشىغۇچى خەلققە بولغان
چۈشەنچىسىدە بولسۇن ھامان مەلۇم دەرىجىدىكى بىتەرەپلىكتىن خالى بولالمىدى. بىزگە يېقىن بولغان

قېرىنداش مىللەتلەردىن قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىقاتتا بولغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، **1858** ـ يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن چوقان ۋەلىخانوفتىن سىرت، پەقەتلا **XX** ئەسىرنىڭ باشلىرىدا> ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت<كە كەلگەن نوشرۋان يائۇشېف كۆرسىتىش مۇمكىن.

نوشرۋان يائۇشېف تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن كەلگەن سەيياھ بولغاچقا، يەرلىكتىن ئۇچۇر ئىگەللىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. قىينچىلىققا ئۇچرىمايلا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە ئەينى دەۋر كىشىلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى خىلىلا ئىشەنچلىك، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاڭ قاتلىمى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى توغرا يورۇتۇپ بېرەلىگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا سەيياھلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار بولغان مائارىپ قارىشى بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان .ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىنى ئەمەلىيىتىگە لىللا باھا بېرىپ، قېرىنداشلىرى بولغان بۇ خەلقلەرنىڭ ئەشۇ زەئىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆپ كۈچ سەرىپ قىلغانىدى.

**1914** ـ يىلى نوشرۋان يائۇشېف دۇنيانى ساياھەت قىلىش ئىستىكىدە بولىدۇ .ئۇنىڭغا سەمەرقەندتە ئۇچراشقان بىر بۇخارالىق مۇدەررىس دۇنيانى كېزىپ چىقىشنىڭ تەسلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ .شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ يىلى **11** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى يىلى **4** ـ ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئوتتۇر ئاسىيا بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ: «بۈگۈن ـ **17** ) ئاپرېل) قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم. قەشقەر خەۋەرلىرىنى ئىككىنچى مەكتۇبىمدا يازىمەن .ئالتە شەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەرجەھەتتىن مەركىزى ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى رۇسىيە ھامىيسىغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر يوللار ياسىلىپ زامانىۋىي قوراللار كەلدى. تىجارەت، زىرائەت، ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتە شەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نۇھ پەيتىچە قالدى، يارغۇچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋەر ئورنىغا قۇم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، كالتە يەڭ پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە بېرىش، ئىسسىزلىق ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن مۇھتاجلىقتا قېلىپ، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە بېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ»(**37**)دەپ يازىدۇ.

نوشرۋان يائۇشېف قەشقەر كوچىلىرى ۋە كوچا ـ كويلاردا بولىۋاتقان سۈرەن ـ چوقانلارنى كۆرۈپ بۇ خەلقنىڭ شۇ دەرىجىدىكى مەدەنىيەتسىزلىكىدىن ۋە نادانلىقىدىن چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، كوچىلار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «كوچىلىرى بەك تار ھەم تەرتىپسىز، چاڭ ـ تۇزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تار ۋە چۈۋالچاق كوچىلاردا ئوتتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، مەپىگە چەككەن قاچۇرلار، ئىككى ـ ئۈچ كىشى مىنگىشىۋالغان ئاتلار، كارۋان تۆگىلىرى، بېلىگىچە ئۈچۈق يالىڭاچ ئادەملەر، ئەر ـ ئايال، بالا ـ چاقىلار بىر ـ بىرى بىلەن قىستىلىشىپ يۈرىدۇ. . . . بۇ يەردە كوچا بويىدا سۈرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئورۇشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن ـ قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا بالىسى ئالدىدا، بالىسى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە ھېچقانچە ئەيىپ سانالمايدۇ .ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىغا ئاچچىقلىنىپمۇ، ئويناپ كۈلۈپمۇ ھەر قىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى ھەددى ـ ھېسابسىز قىلىۋېرىدۇ. بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن ئوقۇتۇش، تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ(**38**) «.

نوشرۋان يائۇشېف پۈتكۈل زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلانىڭ تىل ـ ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئالاھىدە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ ماڭىدۇ. قانداق قىلغاندا تىلىمىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى، مائارىپىمىزنى تەڭ تەرەققى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەمدە تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ئاش بىلەن تۇزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىدۇ .ئۇ بەزىدە تىلىمىزنىڭ موللىقى ۋە ساپلىقىدىن سۆيۈنسە، بەزىدە كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى قالايمىقان

ئىشلىتىپ، ئەبجەش سۆزلەپ يۈرگەنلىكىدىن ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى ھىسياتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «ئالتە شەھەردە كورلا، كۇچا تەرەپلەردە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆز تىللىرىنى سۆيگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنگەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تىلىمىزنىڭ تۈزىلىشىگە چىمپۈتكەنىدىم. لېكىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئىمانىم بىراز يۇمشاپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەر بار تۇرۇقلۇق ئەرەپچە، پارىسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن. يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان بىر مەكتەپنى كۆرۈشكە بارغانىدىم. مەن كىرىشىم بىلەن باللارغا قاراپ > قوموئا <دېدى .باللارنى ئوقۇتۇپ كۆرسەتتى. يېرىمى ئەرەبچە، يېرىمى پارىسچە، ئازراقى ئۇيغۇرچە يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆگىنىپتۇ .ئوقۇغان سۆزلەرنى باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ .نېمىشقا دېسەڭ، ئەرەبچە، پارىسچە، ئىبست يېڭى مەكتەپكە. كونا مەدرىسە بولغان بولسىغۇ سۆزلەپ ئولتۇررۇشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى(39) «.

نوشىرۋان ياۋۇشفنىڭ زىيارەت خاتىرىسىدە بىزنىڭ ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتىشقا ۋە ئىتىبار بېرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نەرسە شۇكى،ئەينى دەۋردە خەلقىمىز خۇراپاتلىققا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنكى، خۇراپىي ئىدىيلەر ئۇلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ، ئەڭ يوقىرى چەككە يەتكەنىدى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ نوشىرۋان مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام ئالىمىدىكى خۇراپاتلىقلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق خۇراپاتلار ھەرقانداق يەردە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكانى ئالتە شەھەردۇر. قەيەردە بىر بۇلاق بار بولسا ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەلىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ياكى ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. قانداقلا بىر جايدا يىغلىش بولسا ئۇيەردە ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرى سۆزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقتا شۇقەدەر ئۇچىغا چىققانكى، ۋەلىلەرنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تاغ، تاش، شامال، يامغۇر، قار، بوران دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەلىلەرنىڭ كارامىتىگە باغلاپ سۆزلەيدۇ. دېمەك ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن قويۇلىدۇ.» (40) شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللەت جەھەتتىكى يېقىنلىق نوشىرۋاننىڭ بىزدىكى ئىللەتلەرنى بايقىشى ۋە ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇشىنى ناھايىتى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى.

## ئازات شەھەردىكى ئەجنەبىيلەر ئاۋازى

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازات قىلىنىپ، خەلقنىڭ قاتمۇ ـ قات زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىششى قەشقەر تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ، يېڭى قەشقەر ۋە يېڭىچە ئاڭ ـ ئىدىيىدىكى قەشقەرلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خارلىنىپ، ئېزىلىپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل خەلق يېڭىچە ھاياتتىن بەھرىلىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋر چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ قەدىمىي دىيارغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ قوزغىدى. بۇنىڭغا تىپىك مىسال سۈپىتىدە ئازاتلىق ھارپىسىدا قەشقەرگە كەلگەن فرانسىيىلىك ئايال سەييياھ ئاننا فىلىفنىڭ بۇ شەھەر ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئاننا فىلىف ـ 1948 يىلى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كىلىپ، ئۇ يەردىن يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كىلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر كارۋان ياللاپ قاراقۇرۇم ئارقىلىق پاكىستانغا يېتىپ بارىدۇ. ئەينى چاغدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دەۋردىكى قەشقەر ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يازىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەنگىلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى پاكىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كولسۇلخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئاننا دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن» ئاسىيا كارۋىنى» دىگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاننا كىتابىدا قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ زېمىننى > غەربىي شىمالدىكى گۈزەل بوستانلىق<، >بىر پارچە گۆھەر <ۋە < قوملۇق جەننىتى >; دىگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئىللىق، كۈز پەسلىنىڭ مول ھوسۇل شاتلىقىغا چۆمگەن، كۈزدە گۈللەر ھۈپپىدە ئېچىلغان باياشات، گۈزەل مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە قەدىمىي قەشقەرنىڭ خارابىلىششىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختۇلۇپ » : بۇلارنىڭ

ھەممىسگە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەپ بولغان، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىكنىڭ بارغانسىرى ئېغىرلىششى سانسىناقسىز يېزا ـ كەنت، شەھەرلەرنى، بىپايان تۈزلەڭلىكلەرنى دەشتى ـ چۆللەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. ئىرانلار ۋە تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان يېغىلىقلار بۇ يەرنىڭ سۇ ئىنشاتىنى ۋەيران قىلدى، قۇم دۆۋىلىرى ئۆستەڭ ـ كۆللەرگە ھۇجۇم قىلدى، خەلقنىڭ جان تومۇرى بولغان دەريا سۇلىرى ئىزدېرەكسىز غايىپ بولدى.» (41) دەپ يازىدۇ.

ئاننانىڭ قەلىمى ئاستىدا قەشقەردىكى يېڭى ھايات ۋە يېڭىچە كەيپىيات ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مونۇلارنى يازىدۇ: « شۇ چاغدا قەشقەر ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ھەممە يەر ئالتۇن رەڭ ياپراقلار ۋە قۇملار بىلەن بىزەلگەنىدى، بۇنداق رەڭدارلىقنى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ تىنىچ شەھەر ھەر پەيشەنبە ___بازار كۈنى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى، مەسچىتلەر، قۇيقورۇق مەيدانلار بايرام كەيپىياتىغا چۆمەتتى. سودىگەرلەر توپ ـ توپى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن بۇ يەرگە كېلەتتى، ئېشەك، تۆگە كارۋانلىرى قىستا ـ قىستاڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆكتات ۋە مىۋە ـ چىۋە، پاختىلىق ۋە يىپەك بۇيۇملار، خۇشپۇراق ماتىرىياللار ۋە ئۇن، خۇرۇم ماللار، ئىگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرى، زىبۇ ـ زىننەت بويۇملىرى، توخۇ،قوي، يۇڭ ۋە بۆزدىن توقۇلغان خورجۇن، چاي، گۈرۈچ، سەرەڭگە، تۆمۈر ئەسۋاپ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ سودىسى بۇلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ ـ سېتىلاتتى ياكى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلاتتى، ئايالالار بېشىدىن ئايىغىغىچە يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسنى قوزغايتتى . كىشىلەر ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان جاي مەدداھلار ۋە ئەلنەغمىچىلەر ئولتۇرغان يەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ توپلاشقانىدى، ياشانغانلار ۋە باللار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىزغىن تاماشابىن ئىدى. ئۇلار بىر ئولتۇرغانچە بىر قانچە سائەتلەپ داستان ياكى ساز ئاڭلايتتى، ئاڭلىغاندىمۇ ناھايىتى بېرىلىپ، زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇنداق نومۇرلاردىن بەھرىلەنگۈچىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى كەمدىن ـ كەم بولۇپ، پەقەت تەرتىپ ساقلىغۇچى خەنزۇ ساقچىلارلا ئۇ يەردە بولاتتى.» (42) مانا بۇ قەشقەردىن ئىبارەت قەدىمي دىيارنىڭ يېڭى دەۋر ھارپىسىدىكى قايناق بازار ھاياتى ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، قەشقەر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىر چەتئەللىك نەزىرىدىكى تەبىئي ئىنكاسى.

ئاننا قەشقەردىكى يېڭىچە ھايات توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: « ئەينى ۋاقىتتا چىنباغدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئۈسكىنە ـ جابدۇقلار تولۇق ئىدى. ئۇ يەردە تەمىلىك چايلارنى ئىچكىلى، بولكىلارنى يېگىلى، مۇنچىلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولاتتى، ھۆجۈر ئۆيلەردە قەدىمي كىتابلار، ئوتىسىز تام مەشلىرى ۋە ئارام بەخش كىرىسلولار بار ئىدى. كىشىلەر بەزىدە داللاردا ئات چاپتۇرسا، بەزىدە قەشقەرنىڭ سىرلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق ـ بۇياققا يول ئالاتتى. خەلق كاستۇم كىيىپ، گالاستۇك تاقاپ، ئۇچلۇق بەتىنگىلەرنى كىيىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ ئاللىقاچان يېڭىلىق دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.»(43)

بىز چەتئەللىك سەيياھلارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايانلىرىدىن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان تارىخى جەريانى توغرىسىدا مەلۇم تونۇش،تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز. كىشى ئۆز يۇرتىدىكى قارىنى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى بايقاشتىن ھامان ئاجىز كېلىدۇ ھەم بىر خالىس ئەينەككە مۇھتاج بولىدۇ .مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلغاندا، گەرچە چەتئەللىكلەرنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى مەلۇم دەرىجىدىكى بىتەرەپلىمك ۋە خاتا چۈشەنچىدىن خالى بولالمىسىمۇ، قەشقەر ۋە قەشقەلىكلەرنى،جۈملىدىن پۈتۈن مىللىتىمىزنى، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

1. لاڭ يىك> » :قۇتادغۇبىلىك <ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 1 ـ 2ئاي نەشرى، ـ 20 ـ 19 بەتلەر.

2. پرژىۋالسكىي » :لوپنۇرغا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 19 ـ 99يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، ـ 287بەت.

3. ئەسەت سۇلايمان: « تارىم قوۋۇقى چىكىلگەندە« ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ـ 2002 يىلى 3 ـ ئاي نەشرى ، ـ 3 بەت.

4. ماركوپولو » :ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى« ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ـ 1991 يىلى 2 ـ ئاي نەشرى ، 82 ـ 83 ـ بەتلەر.

5. ۋېي چاڭخوڭ ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: « چەتئەل ئېكسپېدىتسىيچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى» ، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى( خەنزۇچە) ، 19 ـ 94يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، ـ 72بەت.

6. چوقان ۋەلىخانوف» :قەشقەر» ، ۋېي چاڭخوڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: «چەتئەل ئېكسپېدىتسىيچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى« ، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى )خەنزۇچە) ، 1994 ـ يىلى ـ 9 ئاي نەشرى ، 74 ـ بەت.

7. چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، ـ 2001يىل 2 ـ سان، 49 ـ 50 ـ بەتلەر.

8. يۇقارقى ژۇرنال ، ـ 44 بەت.

يۇقارقى ژۇرنال ، ـ 50 بەت.

10. ئا.ن.كوروپاتكىن«قەشقەرىيە» ، «نەشرىيات ئىلاۋىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ 5يىلى ـ 5 ئاي نەشرى 1 ـ بەت.

11. يۇقارقى كىتاب ، «مۇقەددىمە» ،3 ـ بەت.

12. يۇقارقى كىتاب، ـ 5 بەت.

13. يۇقارقى كىتاب، 37 ـ بەت.

14．罗伯特•沙敖：《一个英国商人的冒险》， 新疆人民出版社，2003 年 9 月版

15．罗伯特•沙敖：《一个英商人的冒险》， 新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 206 页

16．同上，第 207 页

17. 罗伯特•沙敖：《一个英商人的冒险》， 新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 230 页

18.《丝绸之路与文明的对话》，中国中外关系史学会、暨南大学文学院主编，新疆人民出版社，2007 年 5 月版，第 207 页

19. كاتارىن ماكارتىننىي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، كىرىش سۆز، 3 ـ بەت.

20. يۇقارقى كىتاب، 82 ـ بەت.

21. يۇقارقى كىتاب، 38 ـ 39 ـ بەتلەر.

22. كاتارىن ماكارتىننىي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 57 ـ بەت.

23. يۇقارقى كىتاب، 76 ـ 77 ـ بەتلەر.

24. يۇقارقى كىتاب، 6 ـ 7 بەت.

25. دىئاننا سىپتون: «قەدىمىي ماكان»، «مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ بەت.

26. يۇقارقى كىتاب، «مۇقەددىمە»، 3 ـ بەت.

27. يۇقارقى كىتاب، 204 ـ بەت.

28. يۇقارقى كىتاب، 206 ـ بەت.

29. لى جۇن، دېڭ مىياۋ: «سۋېن ھېدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 22 ـ بەت.

30. سۋېن ھېدىن: «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ 18 بەت.

31. گۇننار يارىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 110 ـ 111 ـ بەتلەر.

32. يۇقارقى كىتاب، 113 ـ بەت.

33. يۇقارقى كىتاب، 114 ـ بەت.

34. يۇقارقى كتاب، 190 ـ 191 ـ بەتلەر.

35. گۈننار ياربىڭ» :قەشقەرگە قايتا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ـ 1998 يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، 213 ـ بەت.

36. ئەسەت سۇلايمان» :تۆزلۈك ۋە كىملىك» ، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، ـ 2006يىلى 7 ـ ئاي نەشرى ، ـ 233 ـ 232 بەتلەر.

37. نوشىرۋان ياۋشىپ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ، «مىراس» ، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 11 ـ بەت.

38. يۇقارقى ژۇرنال، 16 ـ بەت.

39. يۇقارقى ژۇرنال ، 2005 ـ يىللىق ـ 4 سان ، 43 ـ بەت.

40. يۇقارقى ژۇرنال، 2005 ـ يىللىق ـ 3 سان، 50 ـ بەت.

41 .《丝绸之路与文明的对话》，中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编，新疆人民出版社，2007 年 5 月版，第 227 页

42. 同上，第 227 页

43. 同上，第 227 页

بۇ ماقالە » مىراس « ژورنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 6 ـ ساندىن ئېلىندى.

ئابابەكرى ئابدۇرەشىد

قەشقەر

داستان

هېيتگاھ

هايات مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ،

ياڭرىغاندا ئەزان ئاۋازى.

هېيتگاھ مۇناردا كۈلگەندە قۇياش،
قەشقەر ئاسمىندا كەپتەر پەرۋازى.

تاش پەلەمپەيلەر باشلاپ ماڭار،
هېيتگاھ ئىشكىنى ئېچىپ قارشى ئالار.
قەشقەرنى . . .قەشقەردىكى ئۇيغۇرنى،
ئېتىقاد، ئىبادەت ئوچىقىغا قالار.
ئۇندا كۆيەر
ئۇندا پىشار
ئۇندا تاۋلىنار
ئۇيغۇرنىڭ جېنى.
تۇۋرۇكلەردە پۈتمەس بىر سەۋر،
هارمايدىغاندەك تۇرىدۇ ئۆرە.
پارامانلاردا سېھىرلىك پۈتۈك،
قېنى زوھۇردۇن بەگ*، كىم ئۇنى بىلەر؟
بىر تال خىش كۆتۈرگەن، زۇلپىيە خېنىم*
هېيتگاھقا قاراپ كېلەر.
گىلەملەرنىڭ قىللىرىدا مۇڭ،
پۈتلىرىڭنى باغرىغا باسار.
خوتەنلىك ئۇيغۇر توقىغان مېنى،
قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئۆيگە سالار.

ئىبادەت

ئېرتىدۇ ھەممىنى

بىر نىيەت. . . بىر ئېتىقاد. . .

بىر ئىشىككە باشلىغانلارنى

يازدەك ئىسسىق قوللىرى بىلەن.

تىلەكلەر

ئۆرلەپ ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلەر،

يۈرەكلەردىن چىقىپ،

قوللارغا سىڭىپ

يۈزلەرنى سىيپاپ.

ھايات مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ،

ئەگەر دەردىڭ بولسا كەل

تۆككىن خۇداغا. .

بارچە دەردلەر ھېيتگاھقا تاشلىنىدۇ.

قۇياش

قىرماس قۇياش

نۇرلىرىنى تۆكەر تۇنجى رەت.

قاغىلار تىرىكلەرنى ماكان قىلىپ

ئولتۇرىدۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە

سىنىك غىمگىنى يەپ.

سۇس سىرىق رەڭدە

تاۋلانغىنى تام دەپ ئويلىما.

قوش قاناتلىق تۇرغىنىنى

ئىشىك دەپ ئويلىما،

دەسسەپ تۇرغىنىڭنى تاش دەپ ئويلىما.

خاتا...

ھەممىسى خاتا

بۇ يەر ھېيتگاھ!

بۇ قەشقەرنىڭ يۈرىكى،

بۇ قەشقەرنىڭ كۆركى،

مەيداندىكى دانلاپ يۈرگەن كەپتەردىن سورا

- سۈرەتكە چۈشەملا؟

- دەپ سوراۋاتقان سۈرەتچىدىن سورا .

مەيلى بىر كىچىك بالىدىن سورا ،

بۇ ھېيتگاھ.

تاش پەلەمپەيلەردىن چىقىپ،

يوقلاپ ئۆت پاكىز قەدەملىرىڭ بىلەن

ئەتلەس يوپۇق ئاستىدىكى

قۇملۇق چۈشەپ ياتقان تۆگىنى.

بىر يەرگە بارىدىغانلەك

مەيگە قىتىپ قويۇلغان ئاتنى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى

تاراسلاپ چېپىۋاتقان ھەسرەتنى.

تۆكۈلۈپ، قۇرۇپ  تۇگىگەن ياشنى،

بەيگىلەرسىز ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ،

بەش كوي ئۇچۇن ياشاپ يۇرگەن كۈنلەرنىڭ

تاشتەك  قاتتىق... ياشتەك

ئاچچىقلىقىنى.

يوقلاپ ئۆت

يېڭسار پىچىقىنىڭ

كۆزلىرىدىكى سۇرلۇك تەبەسسۇمنى.

يىگىتلەرنىڭ... پىچاقسىز يىگىتلەرنىڭ

يانپاشلىرىنىڭ  نادامىتىنى .

بۇ كوچىدىكى...

نور بېشىغا تۇتىشىدىغان مۇشۇ كوچىدىكى

تاشتەك قېتىپ ئولتۇرغان تاشچىلارنى،

توردىكى ئالتۇننىڭ باھاسىغا قاراپ،

جاھاننى مۆلچەرلەۋاتقان زەرگەرلەرنى.

ئالما ـ ئانار، نەشپۈت سېتىپ،

بىر ئائىلىنى قامداۋاتقان ئەزىمەتلەرنى.

بىر داس گازىرىغا تايىنىپمۇ؛

ھاياتنى – ھاياتقا ئۇلاۋاتقان ئادەملەرنى.

يۇرىكىدىكى مۇزنى چوقۇپ،

دوغ ئېتىۋاتقان دوغىچىلارنى.

دەرتمەن يۈرەكتەك لىغىلداپ تۇرۇپ

سىپتىلىۋاتقان لەڭپۇلارنى.

ئۆپكە ھېسپچى

تەسۋىي،ياكى كىتاب ساتقۇچىلار...نى .

يوقلاپ ئۆت

كۆرۈپ ئۆت

ئىسسىق كۆزلىرىڭدە سۆيۈپ ئۆت؛

ئايىقلىك ئاستىدىكى قىرلىق تاشلارنى.

ئۇ بەلكىم تاش ئەمەستۇر

ياشتۇر بىر تامچە

نۇرۇگۇمنىڭ كۆزلىرىدىن چۈشۈپ قالغان.

سەن دەسسىگەن بۇ كوچىلاردا

مەھمۇد ئاتلىق بىر كىشى ماڭغان

مىڭ يىل بۇرۇن.

دۇنيانىڭ دىلىغا ئىلىم سالغان

مىڭ يىل بۇرۇن

بىز ئۇنى ياد ئېتىۋاتىمىز مىڭ يىل كېيىن.

ئۇنى بىلمىز كىتابلاردىن كۆرگىنىمىز بويىچە

ئۇنى سۆيىمىز ...ياد ئېتىمىز

لېكىن تۈركىي تىللار دىۋانىنى ئوقۇپ باقمىدۇق تۈگىگىچە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانداق ئادەم ئىدى؟

بالىلىرىمىز بىلەرمۇ بۇنى؟

بىلمەيدۇ...

ئۇلار بىلىدۇ پەقەت تېلىۋىزوردا كۆرگەنلىرىنى:

Harriy pottir نى

ياكى سۇنۇۋۇكوڭنى...

سەل ئىچكىرىلە

يەنە ئازراق ماڭ

پاكار، ئىسلىشىپ كەتكەن دۇكانلاردىكى

ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن كىتاپلارنى ۋاراقلا

نۇرغا تولغان ھەرپلەردىن

تارىخنى ئىزدە... ئۆزۈڭنى ئىزدە

كونا تەڭگە پۇللاردىن،

مىس داچەنلەردىن،

قەغەز پۇللاردىن،

پۇتۇكلەردىن،

چاچ تەڭگە، چاچ چېتىق،

كۈمۈش بىلەيزۈكلەردىن

بەقەسەم چاپانلارنىڭ تىكىشلىرىدىن

قەھرىۋا، مارجانلارنىڭ كۆزىدە قېتىپ قالغان دۇنيادىن.

ئىزدەپ باق

يوقاتقان ...يۈتتۈرگەن...ئۇنتۇلغان نەرسىلىرىڭنى.

قارا ، ئاۋۇ سەكسەن خالتىغا؛

قاچىلانغان مىڭبىر خىل ھېكمەت

سەكسەن خالتىلاردا ساقلانغان،

دەردىڭگە داۋا ،

رەنجىڭگە شىپا. . .

ھاۋانچىلارغا سال ، ئۇنىڭدا سوق

قىسمەتلىرىڭنى

يانجىپ ،ئېزىپ خېمىر قىلغۇەت ئازاپلىرىڭنى!

شۇنداق قىل!. . .

بۇ كوچىلار. . .

ساڭا ئېيىتىپ بېرىدۇ

سەن ئىزدەپ يۈرگەن بارچە ھىكمەتنى.

## نور بېشى*

يۇملاق شەھەردىن* ئۆتسەم،

قۇرۇق كۆل*ئۇسساپ تۇرار.

سىپىل يېنىغا كەلسەم،

چىنە باغ* كۆلۈپ قارار.

نور بېشىدا. . .

ئىسقا پۈركۈنۈپ چوغ يەلپۈيدۇ بىر ئۈيغۇر

تۆرمۆش ئوچىقىدا كاۋاپتەك پىشىپ.

سېۋەتلەردىكى زاغرا ،

سالام يوللارجىمجىت يېرىلىپ.

بېھى ، بەكمۇ يۇمران بۇرۇتلۇق بېھى،

بوۋاينىڭ ياغلىقىدا تۇرار ھېجىيىپ.

ياغلىق ئارتقان؛

يوپكىلىق چوكان،

قولىدا يېڭى رومان.

سومكىسىنىڭ ئورنىغا،

تەنزە ئاسقان بىر بالا.

باي بولۇشنى ئويلايدۇ،

لىكىن ساۋادى چالا.

سەھەر

ھېيتگاھتىن باشلىنىدۇ

ۋاقىت....

ناۋاينىڭ تونۇرىدا ئوتۇندەك كۆيۈپ،

ناندەك پىشىپ .

مەدىكارنىڭ كۆزىدە زارىقىپ،

يۈرىگىنى قولىغا ئالار بېغىشتىن كېيىپ.

كىراكەشلەرنىڭ ھارۋىسىدا تەلمۈرۈپ،

ئايلىنىپ كىتەر  بىر كوي پۇلغا.

قېتىقچى قىزلارنىڭ  قاچىلىرىدا ئۇيۇپ،

ئۆزى مېڭىپ چىقار يوللارغا.

دوغچىنىڭ ۋاشاقلىرىدا چوقۇلۇپ،

قوشۇلۇپ كېتەر بۇ جاھاننىڭ غەۋغالىرىغا.

دورا ـ دەرمانچىنىڭ ھاۋانچىسىدا سوقۇلۇپ،

ئايلىنىپ قالار بىر چەينەك چايغا.

زەرگەرلەرنىڭ تارازىسىدا تارتىلىپ،

سېتىلىدۇ پۇلدار جۇۋانغا.

خىزمەتچىلەرنىڭ سائىتىدە چىكىلداپ،

كۆزلىرىنى سۈزۈپ قارار  ئۇنۋانغا.

ئاندىن پۇلغا ئايلىنىپ

قوللاردىن قوللارغا ئۆتۈپ

يانچۇقلارغا شۇڭغۇپ ئۇزاپ كېتىدۇ،

نوربېشىدا.

ئۆستەڭ بويى*

ئۆستەڭ بويىغا كەلدۇق، بىز ئۇسسۇز،

سۇلىرىڭ قېنى، ئۆستەڭ نەدە؟

بىر ساپ ئۇزۇمدەك ئېسىلدۇق ساڭا،

راۋابىڭنى چال تاشۋاي بىر پەدە.

يېنىمدىلا سەن بىر ئوتلام سۇدەك،
قولۇمنى سۇنسام قورۇيسەن بىردىن.
چاك كېتمەن، چاك ـ چاك كېتمەن،
يۈرەكتە ساڭا يانغان مېھىردىن.

كۆرۈنەر غىل ـ پال يولۋاس يۈرەكلەر...
چۆككۈك كەلگۈدەك تاغدەك كۆكرەكلەر.
سۇسىز كوچاڭدىن ئىزدەيمەن نېمە؟
چوغدەك قاراقلار، قۇمدەك چېچەكلەر.

بىر ئۆستەڭ سۇ كېلىدۇ ئېقىپ،
شىرىن چۈشتەك خىيالىم ئارا.
سۇدەك يېنىك ئۆتىدۇ ئېقىپ،
قارا ئەتىر گۈلدەك ئايالىلار.

يۈرىكىم پىشتى ئەنجۈردەك،
دەپ توۋلايدۇ ئەنجۈرچى بالا.
ئەنجۈر ساتقان ئازغىنە پۇلىمۇ ،
ئۇنىڭ قولىدا گۈلدەك ئېچىلار.

بىر ئۇيغۇر
گۈل چېكىدۇ يۈرىكىدەك قىزارغان مىسقا.

بىر ئۇيغۇر

دۇتتار ياسايدۇ جاندىن ئېشىلگەن تاردا چېلىشقا.

بىر ئۇيغۇر

ئوتياش ساتىدۇ سۆرەپ يۈرۈپ ھارۋىسىنى.

بىر ئۇيغۇر

نان ياقىدۇ ئوتتىن ئىزدەپ نېسىۋىسىنى.

ئۈستەڭ بويى مۇگىدەيدۇ

ئىزدەپ مىڭ يىللىق ئۆتمۈشنى.

بۇ كوچا؛ شۇنداق ھەر كۈنى

كۈتۈۋالار

ئۇزىتىپ قويار

ئۇيغۇرنى،

چەتئەللىكنى

يا باشقا بىر كىملەرنى.

قۇياش شەرقتىن چىقىپ ،

تۇمەندە يۈزنى يۇيۇپ،

ھېيتگاھتا پېشىمنى ئوقۇپ

ئۆتۈپ كېتىدۇ سەمەن* تەرەپكە.

سەمەندە بارمىكىن ئانىسى،

ياكى بارمىكىن، جىنىنىڭ جانانىسى؟

بولمىسا ھەر كۈنى

كەتمەس ئىدى بىرلا تەرەپكە.

ئۆستەڭبويى سۇلىرىنى ئۆزۈتۈپ نەگە،

يەنە كۆتەر كىملەرنى، قېنى؟

قېنى ئۇنىڭ سۇغا چىققان گۈزەل جانانى؟

قېنى ئۇنىڭ قىننى چاپقان ساھىبقىرانى؟

ئۇ چاڭقاپ،

ساقلاپ ياتار قەشقەرنى

چاك - چاك يېرىلغان لەۋلىرى بىلەن.

سىلاپ ئويغىتار قەشقەرنى

تونۇرغا نان ياققان ئىسسىق قوللىرى بىلەن.

ئۇ سۆيۈپ قويار قەشقەرنى

نۇرى قاچقان كۆزلىرى بىلەن.

................

ئۆستەڭ بويى سەن قانداق ماكان؟

ئۆستىڭىڭ قېنى، سېنى كىم چاپقان؟

سەن، سۇلىرىڭنى قاچان يوقاتقان...؟

ئەنجان رەستىسى*

ئەنجان رەستىسى تۇردى بەك ئۇزۇن

ھېيتگاھنى باغرىغا بېسىپ.

كەتمىدى كىملەر،

كەلمىدى كىملەر

ياتىدۇ تارىخ كۆزىنى قىسىپ.

بۆشۈكتە تارىخ،

ساندۇقتا تارىخ،

رەسسام ئەبەيدۇللا سىزغان

رەسىمۇ تارىخ.

ھېيتگاھنىڭ يان ئىشكىدە،

بويىننى قىسىپ ئولتۇرغان تارىخ.

يۈتكەن جانان كوچىسىدا؛

ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن تارىخ.

ئالتۇن ، مۇنچاق زىرىدە تارىخ،

كۈمۈش بىلەيزۈك، سۆكىدە تارىخ،

‹‹پىچاق چاقلايمەن›› دەپ ۋارقىراپ ئۆتكەن

چاقچىنىڭ چاقىدا ئىتتىگەن تارىخ.

كاكۇللاردا سۇۋالغان تارىخ،

گىلەم، پالاسلاردا سېتىلغان تارىخ.

زەرگەر سوققان ئالتۇن ھالقىدەك؛

بېغىغا قەلەي قېتىلغان تارىخ.

بىر قەدىمىك مىگىبىر رىۋايەت

سەن يۈرەككە يېزىلغان تارىخ.

## جانان كوچىسى*

جانان كوچىسى ياتار مۈڭلىنىپ،

جاندىن كەچكەن ئەرلەر قېنى دەپ.

قاقشايدۇ ئەرلەر

مىلڭ جېنىم بارتى

كېچىپ بەرگۈدەك جانان قېنى دەپ.

جانان كوچىسى...

ئېگىز ئېرىققا ئېسىلىپ،

ئاقمىغان سۇغا قېتىلىپ

ئېقىپ كەتتى چىنەباغ* تەرەپكە.

ئەمدى

بۇ يەردە ئۆيلەر يوق،

بۇ يەردە گۈللەر يوق،

ئويناپدىغان باللار يوق،

تەشتەكلەردە ئۆسكەن ئەنجۈر يوق،

ئۆگزىلەرگە كۆنگەن كەپتەر يوق،

بۇ يەر ھېچنىمە يوق

دۆۋىلىنىپ ياتقان خىشلاردىن بۆلەك.

جانان كوچىسى!

ئىسمىڭ قالدى شۇنداق چىرايلىق

بىر قىزنىڭ ئىسمىدەك

ياكى بىر گۈلنىڭ ئىسمىدەك

بۇ كوچىنى تۇرماقتا بېزەپ.

خام بازىرى*

بۇ كوچا

ھېيتگاھقا ئالدىنى قىلىپ

مېۋىلىرىنى يېيىپ ئولتۇرغان

ئۇيغۇر باققالدەك مېھرىبان  كوچا.

ناندەك ئىسسىق

ناندەك ئۇلۇق

بىر مېھرى بار مۇشۇ كوچىدا.

جاندەك ئېزىز

ياردەك سۆيۈملۈك

بىر خىيال بار مۇشۇ كوچىدا.

نومۇسچان توغاچلارنىڭ لەۋلىرىدە

قوشۇغلۇقتىكى ئۈجمىلەرنىڭ كۆزلىرىدە

چېقىلمىغان بادام ـ ياڭاقلار نىڭ سۆزلىرىدە

ساقلىنىۋاتقان يۈرەكتەك پىنھان.

بۇ كوچا...

غېرىپلارغا جاي بەرگەن،

يېتىملەرگە ئاش بەرگەن،

لەۋلىرىدە سۇ توشۇپ؛

يۈرىكىدە دان بەرگەن

ئۇيغۇرلارغا جان كوچا.

دوپپا تىككەن كېچىدە،

جاندەك جاننىڭ ئىچىدە،

كىيىپ ئەتلەس، چېكەننى

يارنى باغلاپ چېچىدا،

نۇردەك پارلاپ دىللاردا؛

يايراپ يۈرگەن خان كوچا.

خەت تونۇمايدىغان كىشىلەر

ئۇيغۇرچە سۆزلەر.

سارغايغان ئۆمىدتەك سەمەن چىلگىسى،

هارۋىغا تاشلىنىپ خېرىدار كۈتەر.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۇلاسى،

خام بازىرىدا چوڭ بولۇپ كېتەر.

ئوردا ئالدى*

ئۇردا ئالدى، مەن كەلدىم يانا

ئامانمىكىن ياغلىقچى بالا؟

ياغلىق ئارتىلغان ئىككى مۇرىسى

شاڭخەي، شياڭگاڭ...

ئىستانبول يا رىم،

مىسىر...دۇبەينى

ئېسىمگە سالار.

بۇ كوچىدا

ھىجاپلىق،ياغلىقلىق،رومالىلىق ئاياللار

دوپپا كىيگەن بۇرۇتلۇق ئەرلەر،

باھاردەك گۈللىرى بار

كۆڭلەكلىك رەختلەرنى سودىلىشىدۇ.

شەپەقتەك نۇرلۇق ياغلىقلار

قىزلارنىڭ بېشىدا كۈلۈپ كېتىدۇ.

كىچىك قىزچاقلار

خېنە ساتىدۇ سەھەردەك قىزارغان،

خېنىلىق قوللىرى بىلەن.

ئوسما ساتىدۇ،

چېچەكلەپ كەتكەن سۆزلىرى بىلەن.

نېمە ئىزدىسەڭ ئىزدە، تېپىۋال!

ئۇيغۇر ئىزدەمسەن؟

قارا ھەممىسى شۇ.

كۆزلىرىڭگە سۇر،

باغرىڭغا باس

قىنىۋال!

نازاكىتى بار بۇ كوچىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ،

سالاپىتى بار بۇ كوچىدا ئۇيغۇرنىڭ !

قارا يىپەكلەرنى،

قارا ئەتلەسلەرنى،

خاڭدەن...تاۋار، تەتىللالارنى

قارا ئاۋۇ چۈمبەلگە يوشۇرۇنغان كۆزلەرنى،

قارا ئاق ئۈجمىدەك شىرىن سۆزلەرنى،

كۆكتاتلاردەك كۆكلەۋاتقان

يۈرەكلەرگە سۇلاردەك ئېقىۋاتقان...

مېھرىنى.

ئۇسسۇز ئادەم بىر قاچا ‹‹ساراڭ دوغ›› ئىچكەندەك؛

يۈرەكنى قاندۇرغان چەكسىز ئۇيغۇرنى.

بۇ يەر ئۇردا ئالدى...

ئوردىسى يوق.

بۇ بىر شەھەر، دەرۋازىسى يوق

شۇنداق....

جان قورغان*

سەن بىر ماكان، سەن بىر قەلئە قەدىمىي،
قەلىمىمدىن قېچىپ بارار ئىزلىرىڭ.
ئەقلى ھەيران سېنى كۆرسە ھەر كىشى،
يېشىلىشنى ساقلاپ ياتار سىرلىرىڭ.

سىرلىرىڭنى ئىزدەپ ساڭا كۆپ باقتىم.
ئىزدەپ باقتىم يەنە نۇرغۇن كىتاپتىن.
‹‹جانلارنىڭ قورغىنى›› دەيدۇ بەزىلەر،
قوغدىغانمۇ سەن جانلارنى جالالاتتىن؟

بىر سېھىر سەن سىرلار سەندە مۇجەسسەم،
كىمنىڭ ئەقلى سېنى شۇنداق ياراتتى؟
تىلك يار بېشى بوپتۇ سېنىڭ ماكانىڭ،
يەكتالىقىڭ سېنى ئەلگە تاراتتى.

ئۆگزىلىرىڭ تۇتاشقاندۇر قەلبتەك،
كوچىلىرىڭ قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ،
سەن رىۋايەت، بىلمىگەنلەر كەلمىسۇن،
كىرىپ قالسا ئېزىپ بېشى قاتىدۇ.

بۇلاق بېشى*

بۇلاقلىرىڭنى ئىزدەپ،

ھەسرىتىڭگە چۆكۈپ،

خىيالىمدىكى سۆگەتلىرىڭگە يۆلەندىم.

سەندىن سۇ ئىچكەن جانلارنىڭ

ھاياتى ھەققىدە يەنە ئويلاندىم.

سىرلار كۆپ سەندە ئۇنىڭدىن باشقا...

ئىسمىڭدىن بۆلەك تاپالمىدىم سەندىن بىر بۇلاق،

تاپالمىدىم كوچاڭدىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ ئۆتكەن بىر كىشى.

ھەممىسى تىمتاسلىق ئىچىگە چۆككەن

سېنىڭ تىنىپ كەتكەن كۆزلىرىڭدەك.

سېنىڭ قۇرۇپ كەتكەن سۇلىرىڭدەك.

تەشتەكتىكى گۈللەر قاغجىرايدۇ،

كوۋۋىكلاردىكى كەپتەرلىرىڭ ئۇسسايدۇ...

سەندە بۇلاق يوق.

قىزلار سۇغا چىقماس

يىگىتلەر بۇلاق بېشىدا ھېچكىمنى ساقلىماس.

شۇنداق

ئەمدى بۇ كوچىدا بۇلاق بولماس

ئىسمى بۇلاق بېشى بولغان بىلەن.

## يار باغ*

دادا

يارباغقا كەلدىم

سەن سۆزلەپ بەرگەن يارباغ ھەققىدە...

تۇمەن دەرياسى ئاقار جىممىدە.

دادا

تەۋپىق ئەپەندىم ماڭغان يول مۇشۇ ـ ھە؟

بىر بېشى ئاتۇشقا تۇتاشقان...

ئاستىدا تۇمەن دەرياسى ئېقىۋاتقان...

يۈرەك ئانار ئەمەس يېرىلمايدۇ

يۈرەك دېگەن ئانار ئەمەس قانلىرى چېچىلمايدۇ.

يۈرەك ئەنجۈر ئەمەسقۇ دادا

يىلدا ئۈچ نۆۋەت پىشمايدۇ.

ئاتۇشنىڭ يولى يامان،

توشۇيدۇ ئوتۇن سامان.

نادان باللا بىلمەيدۇ،

ھەممىدىن كۆيۈك يامان.

راستكەن داد

ھەممىدىن كۆيۈك يامانكەن

تەۋپىق ئەپەندىم كۆيگەن بىز ئۈچۈن

كۆيگەن بىر تال چىراقتەك

ئۇيغۇر ئۈچۈن.

سۆيگەن ئۇيغۇرنى  جېنىدىنمۇ بەك،

سۆيگەن ئىلمنى،

سۆيگەن ۋەتەننى،

سۆيگەن، ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى

شۇنداق غېمىنى يەپ.

ئۇ كۆيمىگەن بولسا كەتمەيتتى،

كۆيمىگەن بولسا ئۆچمەيتى.

ئۇ ئۆز غېمىنى يېگەن بولسا ھېچ ئىش بولمايتتى.

دادا

مەنمۇ كۆيدۈم

سەن ئۈچۈن

بالام ئۈچۈن

...

مەنمۇ ئۆچەرمەن ھامان بىر كۈنى

كۆيگىنىم ئۈچۈن بىر تال چىراقتەك؛

كۆيگەن نەرسىلەر ئۆچەركەن شۇنداق.

دادا...

## كوزىچى يار بېشى*

سەن قەشقەرنى چوڭ قىلغان ماكان،

هازىر قەشقەر سەندىن خېلى چوڭ.

قورۇنماقتا...

تەرەققىياتىنىڭ سايىسىدا،

سېنىڭ بىزگە تەۋەررۇك تۇرقۇڭ.

ئاخشامدا ئاي يورۇتار،

كۈندۈزدە كۈن ئىللىتار،

شامال سۆيۈپ قىيغىتار،

سېنىڭ مەغرۇر غېرىپلىقىڭنى.

سەن ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلغانغۇ؟

سەن ئۇنىڭ غېمىدە يوق.

يۈرىكىڭدە بارمۇ هازىرمۇ،

سىيت نوچىغا تەگكەن بىر پاي ئوق.

تېرەكلەر ساڭا يۆلىنىپ ئۇخلايدۇ،

تۈمەن سەندىن سۇ ئىچمسە ئۇسسايدۇ،

يوللار سەندىن يول سورايدۇ،

گۈللەر سەندىن باھار سورايدۇ،

سەن قاغجىراپ تۇرساڭمۇ.

نەدە ھازىر سەندەك قەلئە ؟

نەدە سەندەك دەستىلەنگەن ئۆي ؟

نەدە سەندەك مىڭ ياشلىق شەھەر؟

ئېيتقىنا، زادى نەدە بار؟!

ھېچكىم بىلمەيدۇ.

سىيت نوچى ئۆگزەڭدە راۋاب چالىدۇ ،

ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ.

كەپتەرلەر ھېكايە ئېيتىدۇ

نۇزۇگۇم ھەققىدە...

تۆمۈرچىلەر چۈش كۆرىدۇ

تۇمارىسنىڭ قىلىچى ھەققىدە...

يەنە كىملەر نېمە ئويلايدۇ

ھېچكىم بىلمەيدۇ.

شۇنداق

ھەممە ئۆز خىيالىدا

ھەممە ئۆز غېمىدە.

سەن چۈش كۆرسەڭ

قەشقەر ھەققىدە.

## تۇمەن دەرياسى~

تۇمەنىم،

لايىقسپ –لايىقسپ ئېقىۋاتقىنى

بېلىقلارنىڭ ئاھمۇ سەندە؟

ئېزىقتىڭمۇ ھېلىقى كۈنى،

بىر جۈپ ياۋا غاز ئۈزۈپ كەلگەندە؟

كۆزلىرىنى سۈزۈپ،

ساڭا تەلمۈرۈپ ياتار تۇمەن كۆل.

تېرەكلەر بار ئۇ يەردە يەنە،

سۇمبۇل چاچلىرى ھۆل.

قاغىلار بار تەمكىن، خىيالچان

پالچى ممايدەك مۈكچىيىپ تۇرغان.

ئاپتاپ...

سېمىز ئاپتاپ

باغرىدا سۇلار ئاپتاپىسىنغان.

كوزىچى يار بېشى

پۇتلىرىنى ساڭا چىلاپ ئولتۇرۇپ

نۇزۇگۇمنى ساقلاۋاتقان.

قىزىل~ دەريا تەلمۈرەر ساڭا

قاغجىرىغان باغرىنى سۇنۇپ.

تەلۋىچۈككە ~ يەتتى يەنە دەرد،

سۆلىرى ئۈنى كەتكەچ ئۈنتۈلۈپ.

يامانىيارغا~

ئۆزىنى ئاتقۇدەك رابىيەمۇ يوق؛

رابىيەلەر جاندىن كەچكۈدەك،

سەيدىنى يۈرەر قوسقى توق.

دۆلەت باغ*

نەزەر سالار ئېگىزدە تۇرۇپ

سېنىڭ نەمخۇش گۈزەل جىسمىڭغا.

چۆمۈلۈشنى خىيال قىلىدۇ

ئاي چىققاندا سېنىڭ باغرىڭغا.

نەزەرباغ* نەرە تارتىدۇ

دەردى تاغلاردىن ئېگىز،

ئاھى قۇملاردىن چوڭقۇر...

كۆز ياشلىرى يىغلاپ ياتىدۇ.

شامالباغدىن* تىلەيدۇ شامال،

دەرەخلەردە تىنچىغان سۈكۈت.

شامال چىقسا سورۇيدۇ خامان،

قولىدا ئارا سەۋرچان يىگىت.

سۇغا چىققان نۇزۇگۇم،

ئېقىپ كەتتى قەيەرگە؟

سەن بىلمىسەڭ تۇمەنىم،

كىشى چىقماس بىلەرگە.

نۇزۇگۇم دەپ ئات قويدۇم،

دېرىزەمدە گۈللەرگە.

سوئالىم بار ئاڭلاپ قال،

كەتكەن ئاشۇ كۈنلەرگە.

سالام !دېدىم ئېگىلىپ تۇرۇپ:

قىزلىرىمىزغا ئابىدە بولۇپ،

نۇزۇگۇمدىن قالغان ئىپپەتكە!

تۇمەنىم

كۆزلىرىڭنى ياشلىما!

نۇزۇگۇم ئۆلۈپ كەتتى،

قۇمۇشلۇق كۆيۈپ كەتتى.

لېكىن

سەن كۈتكەن ئۇ نەرسىلەر

كۆيۈپ كەتمىدى قۇمۇشلۇقلاردا.

تاشقا ئايلىنىپ كەتمىدى

نۇزۇگۇم يۈرگەن تاغلاردا.

ساقلاقلىق تېخى

نۇزۇگۇمدەك يۈرەكلەردە،

دۇئادا، تىلەكلەردە،

ئۆزۈن كۆڭلەك، ئېتەكلەردە،

ياغلىقتا، لىچەكلەردە؛

ئەزىزانە قەشقەردە...

تاغلاردا ساداسى بار،

ئوتلاردا قىساسى بار...

‹‹نۇزۇك باشقا كۈن چۈشتى،

ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ!››

دەپ توۋلىغان نۇزۇگۇم

ئىلدا نىداسى بار.

تۇمەنىم

دولقۇنلىرىڭدا ئاقىدۇ ئۇمىد

ئۆركەشلىرىڭدە ساقلاقلىق ئىشەنچ

ئاقە! ئېقىۋەر...

ئاپپاق خوجا*

تۆشۈك دەرۋازا قاراپ ياتىدۇ

سېنىڭ ئاشۇ تۆشۈك كۆڭلۈڭگە.

جىگدە دەرىخى سالام يوللايدۇ

ئىپارخاننىڭ

سارغىيىپ كەتكەن تىلەكلىرىگە.

شەربەت كۆلى

ئىچىپ تۈگەتتى شەربەتلىرىنى.

ئېيتارمۇ يەنە ئەخمەق ئادەملەر

ساڭا ئىزگۈ تىلەكلىرىنى؟

هايات مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر بىركۈن

ئاخىرى ئۆزىدىن تاشىدۇ.

قەشقەر

ياشاپ قالىدۇ يەنە داۋاملىق،

ئىرالاردىن ئۆمرى ئاشىدۇ.

**2011** ـ يىلى **5** ـ ئاينىڭ **25** ـ كۈنى

قەشقەر

زوهۇردۇن بەگ هېيتگاھ جامەسىنى قايتا ياساشقا كۆچ چىقارغان كىشى.

زۇلپىيە خېنىم هېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆچ چىقارغان ئانىلىرىمىزدىن بىرسى.

*بەلگىسى قويۇلغانلىرى قەشقەر شەهرى هەم شەهەر ئەتراپىدىكى

كوچا مەھەللىلەرنىڭ ھەم شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ نامى.

~ بەلگىسى : قەشقەردىكى 4 دەريانىڭ نامى.

قەشقەر ناۋالىرى

ئوسمان قاۋۇل

قەشقەر دېسەم...

قېنىپ ئۆتمەس دىلىم ھەرگىز گۈزەل قەشقەر جامالىڭغا،

يۈرەك ـ باغرىمدا قايىللىق تاشار ھېكمەت ـ كامالىڭغا.

سېنى ھەردەم پەدەرىم دەپ ئۇلۇغلاپ ئۆتمىكىم ھەقتۇر،

كۈلۈپ ئۆتكەچ ئەزەلدىن مەن سېنىڭ جەننەت قۇچاغىڭدا.

گۈزەللىك تاجىسىدۇرسەن، ساڭا قايىل جاھان ئەھلى،

جۇلالار ھەر قاچان باقسام سېنىڭ قوينۇڭدا گۈل پەسلى.

تىلىمغا لىق كېلەر «قەشقەر»دېگەن ياڭراق خىتابمۇ ھەم

سېنى كۈيلەپ غورۇرلانغان ئاجايىپ شاد شۇ چاغىمدا...

قەدەم باسقاچ باھار، كۆزدە دىدارىڭغا ئۇزاق باقتىم،

بالام كەل، دەپ قويۇن ئاچتىڭ، قۇچاغىڭغا قۇچاق ياقتىم.

ئوپال ـ ئازىغ، خانئېرىق ھەم سۆيۈپ مەڭزىمگە دۆلەت باغ ـ

كۆكئېرىق كۆكلىتىپ مەڭگۈ مېنى ئويناتتى باغىڭدا.

بىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ئاپئاق ئاقارتىپ بۇ ھاياتىمنى،

ئىلىمكار ئەيلىدىڭ، سەنچۈن پىدا قىلدىم ماماتىمنى.

بۈگۈن «قەشقەر» دېسەم يايراپ كېتەر جانىم بېلىقتەك شوخ،

بۈيۈك سىيما بولۇپ قاتتىڭ شۇڭا پارلاپ قاراغىمدا...

سەن...

1

سەن روھىمنىڭ ئىمپىراتورى،

جان ھالقىۋىمدا كۆكلىگەن ئەي قىز.

كۆزۈڭ كۆزلىرىمنى يەپ كەتكەن دەقىق

روھىي قىسلىچاقتىن چىقىپ كېتىمىز!...

2

چىمەندە مىڭ بۇل بۇل نالە ئەيلىسە،

بولارمىش بىرىنىڭ باغرى ئاران چاك.

شۇ قۇشنىڭ زارىنى ئاڭلىغان ئاشىق ـ

يۈرىكى نە ئۈچۈن بۇنچىلا غەمناك؟

سورىما بۇرادەر قەشقەر بىر دۇنيا،

ئۇندىكى جەۋھەرگە لايىق كۆز كېرەك.

زورۇقما يۈرىكىم تەرىپلىمەككە،

شەبنەمدەك، ئۇنچىدەك سانسىز سۆز كېرەك!

قەشقەرنىڭ بىر كۆزى

شېئىر ئوقۇپ ئولتۇرسام ئۇنىسىز،

خىيالىمدىكى ئوماق قىز بىلەن.

كىتاب ھەقتە بولۇپ قالدى سۆز:

ئېچىش كېرەك تۆشۈك داۋۇزىغا

چاققانغىنە بىر كىتابخانا؛

ئۇ يەردە سېتىلسا «قۇتادغۇ بىلىگ»

نەملىنەر دېھقاننىڭ كۆڭۈل باغچىسى.

ئوقۇپ ـ ئوقۇپ ئېچىلسا كۆزى،

نە ئۇچۇن ئۆتمەيدۇ ئۇنىڭ ھەق سۆزى.

توۋۇلسا مۇز سۇيى ئېچىۋالغىن، دەپ

ھەپتىدە بىر كۇنلا سودىسى ئاققان ـ

ساقلى كۇمۇشتەك سۇنۇق دىل دېھقان

ۋۇجۇدۇم چىۋىقتەك تولغىنىپ كەتتى.

مۇزتاغدەك ۋەزنى بار ئۇلۇغ « دىۋان»مۇ

شۇ ھامان ئالدىمدا سېھرىي غايىپتەك

كۆز چېقىپ، نۇر تۆكۈپ يالتىراپ كەتتى

ۋە چەكسىز مەنىلەر خەزىنىسىدەك

قەشقەرنى ۋاراقلاپ ماڭا كۆرسەتتى.

ئايلاندىم

ھېچ كىشى سېلىشنى ئويلاپ باقمىغان،

دېھقان بازىرىدىكى كىتابخانىنى

كۆردۈمكى دېھقاننىڭ ئۈستىگە ياغقان –

توپىدىن ساپ ئالتۇن ئۈۋاقلىرىنى.

يانغاندا بازاردىن ئېشەكنى يېتىلەپ،

مۇڭ باسقان چېھرىدە قورۇقلىرىنى...

تۈمەنگە سەپ سېلىپ تۇردۇم بىر ھازا،

كۆۋرۈكتە لىغىرلاپ ئاقماقتا قەشقەر.

شەھەرنىڭ ماھىيىتى ئىدى ئەزەلدىن

مۇشۇ جاي ئۇ چاغدىن بۇ چاغقا قەدەر...

قەشقەر: بىر ئايال

ئالدىمدا ئەركىلەيدۇ سېنىڭ شوخ ھېسسىڭ،

روھىم پىلتىسىدە چاقمىقىڭ ئويناق.

سەن شۇ تاپ ئەلۋەكلىك ئېلىگە سۇلتان،

قايناق ئىشقىم ساڭا، خۇما كۆز ئاپئاق.

ئىشرەتكە چاقىرىدۇ سەندە سەلتەنەت،

بىر قەدىم ئالماس كۆلكە كۆكسۈڭدە مېھمان.

ئېيتقىنا ھەر تاۋۇشۇڭدا قانداق سېھىر بار،

قەشقەر ـ

سۆيگۈم ساڭا قەلبىمدە پىنھان...

لىپىلداپ قالغىنىدا ئوقيا كىرپىكىڭ،

رەڭ بەردى يوللىرىمغا ئۈستۈڭدە ئاسمان.

كېتەرىمدە يەنە نېسىپ بولمىسا ئۈپۈش،

قالماسمۇ يۈرەكلەردە ئۈيۈل ـ ئۈيۈل قان!

تۈيغۇم كوچىسىدىن ئۆتسەڭ سەن تەمكىن،

چاراسلاپ ئۈسسۈل ئوينار ئەينەكلەر لەرزان.

ناۋادا ئېسىپ قالسا تىنىقىڭ بىر رەت،

يانارمۇ ئۈمىدىمنىڭ چۆلدە گۈلخان!...

يانچۇقۇمدا بىر تال تاماكا

(قەشقەردىكى ئۇستازىم خاتىرىسىگە )

غېرىپسىنىپ تۇرغان بىر كۈنى،

ئۇچراپ قالدى كونا ساۋاقداش.

ـ ئۆمەرمۇ سەن؟ دېدىم، ئېتىلدىم

قۇچاقلىشىپ كەتتۇق بىرلىشىپ،

بىلەكلەر شۇنچىلىك مەھكەم چىرمىشىپ...

ئېسىمگە ئالغىنىم بولدى شۇ دەقىق

ئۇستازىم، ئاجايىپ كەمتەرىن بىر زات.

ئاقتۇردۇم يانچۇقنى،

چىقتى بىر تاللا

تاماكا، ئاھ ئۇنىڭ ۋەزنى ئالەمچە،

تۇتاشتۇردۇم قەشقەرنىڭ چوغىدا ئۇنى

ۋە تۇتتۇم ئۇستازغا، تىترىدى قولى...

ئەي، مېھر دېگەن ئەجەپ نەرسىكەن،

تەڭ كېلەلمەسكەن ئاڭا ھېچنېمە.

ھۆرمەتنى شۇ بىر تال تاماكا بىلەن

ئۇستازغا بىلدۈرسەم نېمە ئىش دېمە!؟

گەپ بىر تال تاماكا، چاقماقتا ئەمەس

ئۇستازسىز بولاتتۇق تولىمىز ئەلەس.

يىللىدە يانغان شۇ ھۆرمەتنى بۈگۈن

ئۇستازغا بىلدۈرسەك شۇمۇ كاتتا ئىش

ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئوي يوقتۇر، بولدى بەس!

ئاختۇردۇم، يانچۇقتا بىر تال تاماكا،

تۇتاشتۇرايلى مۇئەللىمنى چۆرىدەپ تۇرۇپ.

قەشقەرنىڭ قەدىمىي ۋە ئەبەدىي ياش

يالقۇنلۇق، مېھرلىك بىر تال چوغىدا...

شۇ مېھر، شۇ يالقۇن، شۇ ئاجايىپ ھال

مەڭگۈگە ساقلانسۇن دىللار قېتىدا...

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىگە يادنامە

«بىلىگ»نىڭ بېتىدىن مىڭ يىل مۇقەددەم چاقنىغان چولپان،
شەرقنىڭ كۆكىدە يۈرگەن تۇماننى ئەيلىگەچ يەكسان.
يۈزنى بىزگە ئوڭ قىلدى ئىلمنىڭ ئەۋلىياسىمۇ،
شۇڭا قۇت ۋە ئاسايىشنى بەخش ئەتتى بۈگۈن دەۋران.

- فۇرقەت قەبرىسى ئالدىدا
دىلىمنىڭ بولدى دىلدارى گۈزەل ئەشئارى فۇرقەتنىڭ،
يۈرەكتە قالدى دولقۇنلاپ بۈيۈك ئارمانى فۇرقەتنىڭ.

دۇئا قىلدىم پۈكۈپ قەددىم، پەلەك دىۋارىدىن يۈكسەك -
شۇ قەبرە ئۈستىدە روھى ئېتەر جەۋلانى فۇرقەتنىڭ.

كۆزۈم تورلاشتى ھۆرمەتتىن ۋۇجۇدۇم سىلكىنىپ ھەيھات،
تاكامۇللاشتىم، غەزەلىدىن تېپىپ مەنانى فۇرقەتنىڭ.

پىچىرلاپ سورىدىم«سەيدىڭ قويابەر سەييادى»(3)دېگەن چاغدا،
تۇتۇلغان ئىدىمۇ ياكى سۈزۈك ئاسمانى فۇرقەتنىڭ.

چىقىپ كەلگەن كەبى ياندىن پىغان ئەيلەپ«گۈلى رەنا»(4)،
چىقارمۇ روھى،قاندىن تولۇپ پەيمانى فۇرقەتنىڭ.

پىيادە تاغ ـ داۋان ئاتلاپ ، يېتىپ كەلگەندە يەكەنگە ،

كېلىلىك،دەپ ئانا بولغانتى بۇ يۇرت بوستانى فۇرقەتنىڭ.

بۈگۈن يۈكسەلدى قەلبىمدە ئۈنىڭ تۇپراغى تاغدىن زور،

قوشۇلدى ھەققە ھىمزىرىھىم تامام ئىمكانى فۇرقەتنىڭ.

4

قەشقىرىم ـ ئەقلىمگە جان بەرگەن دىيارىم سەن ئۈزۈڭ ،

قەددى ـ قامەت ،ھۆسنى ـ تەلئەت،كۈچ ـ مادارىم سەن ئۆزۈڭ.

ماغدۇرۇم ئۇرغۇپ ، قېنىم ئۆركەش ياسار قەشقەر دېسەم،

ئۆس بالام، كۆلگىن دېدىك روھىي چىنارىم سەن ئۆزۈڭ.

مەن تېخى ئويغانمىغان نادان ئىدىم، ئىلمىك بىلەن ـ

شولا چاچتىڭ كى ئەبەدلىك يوروق پانارىم سەن ئۆزۈڭ.

كاشغەرىي، ھاجىب بىلەن تاپتىڭ يەنە نۇرانىلىك،

بۇ ھاياتىم بېغىدا شەربەت ـ ئانارىم سەن ئۆزۈڭ.

چۆگىلىسەم ھىيتگاھتا بىردەم ئىپتىخارىم ئاشقۇسى،

سەندە قەدرىمنى تاپارمەن، نامۇسۇ ئارىم سەن ئۆزۈڭ.

ھەر قاچان تەرىپلىمەك ئەھدىم سىنى، پەخرىم سىنى،

يۈگۈرۈلۈپ كەتكەن كەبى جانىم، شۇئارىم سەن ئۆزۈڭ.

قەشقىرىم-جان قەشقىرىم، ھۆرمەتتە ئاسمان قەشقىرىم،

بۇ كۆكۈل مۈلكۈمدە يەكتا ئالتۇن مۇنارىم سەن ئۆزۈڭ.

5

يار مېنى كۈتمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن،

كۆزنى ياش ئەتمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

قاي دەقىق كۈلدى بەخت قۇياشى جانلاندىم قەۋەت،

جاننى قاق ئەتمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

تەقدىرىم يۈتمىش ئاڭا جىسمىم بىلەن، ئىسمىم بىلەن،

كەلدى دەپ يۈرمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

تەن جۇغۇلدايدۇ ئەجەپكىم ھەر نۆۋەت قەشقەر دېسەم،

قاشنى سەكرەتمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

گۈل دېسەم ئالدىمغا ئەۋۋەل قەشقەردە كۈلگەن گۈل كېلۇر،

ھەسەتنى كۆكلەتمە بۈگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

جان تەسەددۇق،دەپ قەسەم قىلسا بىرەر ئازغۇن ساڭا،

ئىشىنىپ كەتمە بۇگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

ئىشقى ئەجەپ مەيتۇن قىلار، قەرزدارلىقىم مەڭگۈ شۇئار،

ھېچ تېنىپ كەتمە بۇگۈن قەشقەردە مەن، قەشقەردە مەن.

**قەشقەر**

**بىر يۈرەكنىڭ ئىسمىدۇر قەشقەر**

**بىر گۈزەلنىڭ يېشىدۇر قەشقەر**

**يامغۇرغا ئايلىنىپ تامچە ـ تامچە**

**ئاسمىنىمدىن ياغدۇ قەشقەر.**

**بىر روياش ئايال ئۆتمەكتە**

**قەشقەرگىلا خاس،**

**بىر شېئىرنىڭ تۈگىمەس سىرىدۇر قەشقەر.**

**شۇنداق**

**قەشقەر ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن**

**ئەنجۇر يېدىم ھېيتگاھ ئالدىدا**

**سۆزلەر داڭلار،**

يۇرىكىم ئاڭلار

لەززىتىنى يازدىم قەغەزگە.

ھەرپلەردۇر بىپايان دېڭىز،

ئەنجۈر سېتىپ يۈرىدۇ بىر قىز

ئەنجۈر يېدىم قەشقەر رەڭگىدە.

ئۈچماقتا خىيال،قولىدا شامال

ئۈمۈ گۈلگۈن قەشقەرگە ئوخشار.

قەدىمىي قەشقەر كوچىلىرىدا

ئانا تىلىم ئەنجۈردەك پىشار.

مەن ئەنجۈرگە ئامراق

ئۇ ئەنجۈر بىلەن قەسەم قىلدىكى،

لېكىن خەت تونىمايدۇ سېپىت نوچى

تۈمەن بويىدا ئۆزىنىڭ سانىسىز

لەيلەپ يۈرسىمۇ ئۆلۈم خېتى.

ئېپ قاچايلى دەريانى

ئىچىدە ئۇنىڭ قەشقەر بار

ئېپ قاچايلى قۇياشنى

نۇرىدا قەشقەر قىزى بار

ئېپ قاچايلى قەلەمنى

ئۇندا قەشقەر ئىزى بار

يىغلىۋالغىن قەشقىرىم

شېئىرلىرىمدا.

قەلبىم سېنى چاقىرىدۇ،

قۇشلىرىم سېنى مەدھىيەلەپ سايرايدۇ،

سۆزلىرىم ئۈنچە ـ مارجاندىن

ئىسمىڭنى ئاسمانغا كەشتىلەيدۇ.

بادام دوپپىلىق ئەركەكلىرىڭ

ساما سالىدۇ،ئوينايدۇ.

سەن كېلىدىغان يوللارغا

ياشىم بىلەن سۇ سېپەي،

چېچىم بىلەن سۈپۈرەي،

ناغرا ـ سۇناي چېپ بېرەي،

يايرىۋالغىن قەشقىرىم

شېئىرلىرىمدا.

بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى قەشقەر

بىر يۈرەكنىڭ ۋەتىنى قەشقەر

يۇلتۇز ئەنجۈر ساتقان كىچىك قىز

كىچىك ـ كىچىك كۈلىدۇ قەشقەر

پېشتى بىر سۆز ۋىلىق ـ ۋىلىقلاپ مىسرالىرىمدا

«قەشقەر» ئاتىدىم قانداق گۈزەل ئىسمدۇر قەشقەر!

**شۇنداق**

**قەشقەر ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن**

ئەسكەرتىش:بۇ شېئىر شىنجاڭ يازغۇچىلار توربىدىكى «ناۋال» نىڭ شېئىرى بولۇپ ، شائىرەنىڭ ئەسلى ئىسمىنى بىلىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى.

## يوقالمايدۇ ئەبەدى قەشقەر!

يوقالمايدۇ!

ئاۋارە بولما بايقۇشۇم بۇنچە.

ئەمەس قەشقەر"قۇم باسقان شەھەر"

ۋە سىپىلسىز ئىگىسىز قالغان.

بىر قەۋم بار مەڭگۈ ئەل بولماس،

ئۆيغۇردۇر ئۇ ...............

ھەر بىر يۈرەك سەددى ئىسكەندەر.

ئەبەدى!

يېزىلمىشتۇر تارىخلىرى بار،

كۆمەلمىدى شۇنچە قۇم بوران.

ھەقىقەت ئۇ ھەقىقەت ھامان،

بىر قارىساڭ تۇنارسەن دەرھال،

ئۆيغۇردۇر ئۇ..............

ئەژدارھاغا يەم بولمايدىغان .

قەشقەر!

يۇرىكسەن يەتتە ئىقلىمنىڭ،

نامىڭ ئۇلۇغ سۇلىرىڭ كەۋسەر.

ئاي پاتقاندا تۇغۇلار قوياش،

ئىشىندۇ مىليۇنچە خەلق،

ئۇيغۇردۇر ئۇ...............

يوقالمايدۇ ئەبەدى قەشقەر!

"تۇپراقبەگ"

**2009.04.06**

## «كاشغەرىي يىلى» (ئەسلىي نۇسخىسى)

(ناخشا تېكستى)

ئۇپال ئارت تېغىدىن بالقىغاندا كۈن،

نۇر ئېمىپ ئىللىدى ئۇيغۇر زېمىنى.

چىللىدى ئالەمگە ئېرپان خورىزى:

«كاشغەرلىك مەھمۇد بۇ - ئىلىمنىڭ پىرى».

ئەسرلەر قوينىدا سىنالدى «دىۋان»،

ئالەمنى سۆيدۈردى ئۇنىڭ قىممىتى.

مىڭ يىللار ئۆتتۇپمۇ ئۇنتۇلمىدى ھېچ،

ئابدە ياراتقان ئالىم ھىممتى.

شۇڭلاشقا ئىككى مىڭ سەككىزىنچى يىل،

ئاتالدى دەپ «مەھمۇد كاشغەريي يىلى».

دۇنياۋى شاراپەت كۆلدۈردى ئەلنى،

ياشىندى شادلىقتىن ئۇيغۇرنىڭ دىلى.

مىڭ يىلغا قۇت، يەنە مىڭ يىلغا پىلان،

كۆمۈلمەس ئەجدادنىڭ ھىدايەت ئىزى.

ئىلىم - پەن مەشئىلى قوللاردا ئېگىز،

ئەۋلادلار بەستىدە نۇسرەت جىلۋىسى.

نەقرات:

كاشغەريي ۋەتەننىڭ ئابدە تېشى،

مەھمۇد بار ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ تىك بېشى!

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ شېئىرى